# دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش تەشۋىقات قوللانمىسى

دۆلەت يېمەكلىك-دورا نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈزدى

## تەشۋىقات قوللانمىسىنى تۈزۈش ھەققىدە ئىزاھات

كىشىلەرگە مەلۇمكى، دورا ئاغرىق ئازابىنى تۈگىتىدۇ، ھاياتنى قۇتقۇزىدۇ، لېكىن كىشىلەر دورىنى مۇۋاپىق ئىشلەتمىسە يېڭى كېسەللىكلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھاياتى بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا كىشىلەر دورىنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەسلىك ۋە دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىش مەسىلىسىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

دورىنى مۇۋاپىق ئىشلەتمەسلىك ۋە دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت دورا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ساھەلىرىدىكى كەسپى دوختۇر، كەسپى دورىگەرلەرنىڭ دورىلارنى ئىلمى، مۇۋاپىق ئىشلىتىشىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە، سىجىل، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاما ئارىسىدا دورىنى ئىلمى، مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئېڭى ۋە ھەرىكەت ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ دورىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش بىلىملىرىنى پائال، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات قىلىپ، ئاممىنىڭ دورىنى ئىلمى، مۇۋاپىق ئىشلىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى توسۇپ، ئاممىنىڭ دورىنى بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشىگە ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش- سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ، ھاللىق جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى.

دۆلەت يېمەكلىك-دورا نازارەت قىلىش باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزا دورا 《ئىككى تور》 قۇرلۇشى ۋە شەھەر، مەھەللىلەرنىڭ سەھىيە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 《دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش تەشۋىقات قوللانمىسى》نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ تەشۋىقات قوللانمىسى ئاساسي

قاتلام ئاممىنىڭ كۈندىلىك دورا سېتىۋېلىش، دورا ئىشلىتىشتە دۇچ كەلگەن ئاساسلىق قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، پەن-تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، دورا بىلىملىرى، دورا باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە دورا ئىشلىتىش بىلىملىرى نوقتىلىق كىرگۈزۈلدى.

جۇڭگو دورىگەرلىك جەمئىيىتى ۋە پروفېسسور چاڭ جاڭفۇ، جاڭ شىگې، دوكتور ياڭ يۆ قاتارلىق نوقتىلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەزكۇر تەشۋىقات قوللانمىسىنى پىلانلاش، تۈزۈش، بېسىش جەريانىدا زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز.

جۇڭگو يېمەكلىك-دورا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى

مۇندەرىجە

1. دورا دېگەن نېمە؟

2. دورا بىلەن ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

3. ساغلاملىق يېمەكلىكى بىلەن دورىلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

4. رېتسېپلىق ۋە رېتسېپسىز دورا دېگەن نېمە؟

5. ئۆزىڭىز سېتىۋالغان دورىنىڭ رېتسېپلىق ۋە رېتسېپسىز دورا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

6. دورىنى قەيەردىن سېتىۋالسا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

7. دورا دۇكانلىرىدا دورا سېتىۋېلىپ مەسلىلەرگە يولۇققاندا كىمدىن مەسلىھەت سوراش كېرەك؟

8. دورا دۇكانلىرىدىن دورا سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

9. دورىنىڭ ئورتاق نامى بىلەن تاۋار نامىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

10. ئورتاق نامى ئوخشاش، تاۋار نامى ئوخشىمايدىغان دورىلارنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولامدۇ؟

11. نېمە ئۈچۈن دورىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دەيمىز؟

12. ساختا دورا دېگەن نېمە؟

13. قانداق ئەھۋالدا ساختا دورا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ؟

14. ناچار دورا دېگەن نېمە؟

15. قانداق ئەھۋالدا ناچار دورا دەپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ؟

16. ساختا، ناچار دورا ياكى گۇمانلىق دورا سېتىۋالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

17. ئادەم ئالدايدىغان، قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانلىرىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟

18. قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانلىرى بايقالسا قانداق قىلىش كېرەك؟

19. باھاسى قىممەت دورىلار بىخەتەر، ئۈنۈملۈك دورا بولامدۇ؟

20. دورا باھاسىدا مەسىلىلەرگە يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

21. ئوكۇلنىڭ ئۈنۈمى دورىدىن ياخشىمۇ؟

22. ئوكۇل ياسالمىسىنى ئىچىشكە بولامدۇ؟

23. دورا ئىچىشتە قويۇلىدىغان ئالاھىدە تەلەپ قايسىلار؟

24. دورىنى نىمە ئۈچۈن ۋاقتىدا ، مىقدارى بويىچە ئىچىش كېرەك؟

25. دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسى دىگەن نىمە؟

26. دورا ناچار رېئاكسىيىسى دىگەن نىمە؟

27. دورىنىڭ قوشۇمچە تەسىرى دىگەن نىمە؟

28. دورا ناچار رېئاكسىيىسى يۈز بەرسە قانداق قىلىش كېرەك؟

29. ھاراق ئىچسە قايسى دورىلارنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ؟

30. ئانتىبىئوتىن(كاڭشىڭسۇ)نىڭ ناچار رېئاكسىيىسى قايسىلار؟

31. مىكرۇپقا قارشى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتكەننىڭ قانداق زىيىنى بار؟

32. نىمە ئۈچۈن پېنتسىلىن ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تېرە ئاستى سىنىقى ئىشلىنىدۇ؟

33. قايسى خىلدىكى مىكرۇپقا قارشى دورىلار باللارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىسىز؟

34. زۇكام بولغۇچىلار ئۆزى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغان زۇكام دورىلىرى قايسىلار؟

35.زۇكامنى داۋالاشتا قايسى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؟

36. باش ئاغرىغاندا قايسى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؟

37.قىزىغاندا قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

38.ئۇيقۇ دورىسىنى ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

39. باللارغا دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

40.باللارغا نىمە ئۈچۈن چوڭلار دورىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟

41.قايسى دورىلار باللارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؟

42.قان بېسمى يوقرى بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟

43.جىگەر ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

44. بۆرەك ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

45.ياشانغانلار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

46.هامىلدار ئاياللار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

47.تېمىتىدىغان ۋە كومىلاچ دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

48.كۆپۈكلىشىپ ئېرىيدىغان تابلېت دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟

49. چاينايدىغان تابلېت دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟

50. مەلھەم (ياكى سۈتسىمان مەلھەم) دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

51.كۆزگە تېمىتىدىغان دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

52. كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم دورىسىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

53.قۇلاققا تېمىتىدىغان دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

54. بۇرۇنغا تېمىتىش دورىسىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

55.جىنسىي يول شامچىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

56. مەقئەت شامچىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

57.قايسى خىل دورىلارنى ئىچكەندە سۇنى كۆپ ئىچىش كېرەك؟

58.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە هاراق ئىچىشكە بولمايدۇ؟

59.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە چاي ئىچىشكە بولمايدۇ؟

60.قانداق بىمارلار ۋە قايسى دورىنى ئىچكەندە قەهۋە ئىچسە بولمايدۇ؟

61.قانداق كىشىلەر ئاچچىقسۇ ئىچسە بولمايدۇ؟

62. قايسى دورىلارنى ئىچكەندە، تۇز ۋە جياڭيونى كۆپ ئىستىمال قىلىشقا بولمايدۇ؟

63.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە بېلىق ۋە راكنى يېيىشكە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ؟

64. قايسى دورىلارنى ئىچكەندە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ؟

65. يۇقۇملىنىشقا قارشى قانداق دورىلارنى ئىچكەندە تاماق يېيىشكە بولمايدۇ؟

66.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە شوپۇرلانى چارچىتىپ قويىدۇ؟

67. كېسەل بولغان ئەھۋالدا، قانداق قىلغاندا ھەم دورا ئىچىش ھەم بىخەتەر ماشىنا ھەيدەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

68.جۇڭيى دورىلىرى ئىچىدىكى ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلار قايسى؟

69.قانداق دورىلارنى ئىچكەندە تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش كېرەك؟

70.دورا قايناتقاندا نىمە ئۈچۈن ساپال قاچىلاردا قاينىتىش كېرەك؟ دورىنى نىمە ئۈچۈن تۆمۈر، مىس، ئالىيۇمىن، قاتارلىق مىتال قاچىلاردا قاينىتىشقا بولمايدۇ؟

71.دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنى قانداق تاللاش كېرەك؟

72.دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى قانداق ئۆلچەش كېرەك؟

73.جۇڭيى دورىلىرىنى نىمە ئۈچۈن قاينىتىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلاپ قويۇش كېرەك؟

74.دورا قاينىتىشتىن بۇرۇن نىمە ئۈچۈن جۇڭيى دورىلىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىشقا بولمايدۇ

75.چىلايدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟

76. دورا قايناتقاندا ئوت كۈچىنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟

77.دورا قاينىتىش ۋاقتىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟

78.دورا قاينىتىش قېتىم سانىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟

79.دورا سويۇقلۇقىنىڭ قايناپ چىقىرىلغان مىقدارى قانچىلىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟

80.دورىنى قاينىتىپ بولغاندىن كىيىن نىمە ئۈچۈن دەرھال سۈزۈش كېرەك دەيمىز؟

81.دورىنى سۈزۈپ بولغاندىن كىيىن نىمە ئۈچۈن دورا شامىسىنى داكىغا ئوراپ سىقىپ قالدۇق

دورا سويۇقلۇقنى چىقىرىمىز؟

82.نىمە ئۈچۈن بەزى دورىلارنى قايناتقاندا، قاچا ئېغىزى يېپىپ قاينىتىلىدۇ، بەزى دورىلارنى قايناتقاندا ئېغىزى ئوچۇق قاينىتىلىدۇ؟

83.نىمە ئۈچۈن ئۈستى ئوچۇق تۇرۇپ قالغان قاچىلاردىكى قايناتما دورىلارنى ئەتىسى ئىچىشكە بولمايدۇ؟

84. كۆيۈپ كەتكەن قايناتما دورىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

85.دورا قايناتقاندا نىمە ئۈچۈن بىر قىسىم دورىلار ئالدىن قاينىتىلىپ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كىيىن يەنە بىر قىسىم دورىلار قوشۇپ قاينىتىلىدۇ؟

86. دورا قايناتقاندا نىمە ئۈچۈن بىر قىسىم دورىلار بولاپ قاينىتىلىدۇ؟

87.ئېرىتىش، سۈمۈرۈپ ئىچىش، ئايرىم قاينىتىش، قوشۇپ قاينىتىش دىگەن نىمە؟

88.جۇڭيى دورىلارنى ئىچىش ۋاقتىنى قانداق ئىگەللەش كېرەك؟

89.جۇڭيى دورىلىرىنى ئىچىش قېتىم سانى ۋە دورا سويۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى قانداق ئىگەللەش كېرەك؟

90.نىمە ئۈچۈن جۇڭيىچە قايناتما دورىلارنى ئىچكەندە خالىغانچە قەنت، ناۋات، شېكەر سېلىشقا بولمايدۇ؟

91.جۇڭيى دانچە دورىلىرىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟

92.قانداق قىلغاندا قايناتما دورا ۋە دانچە دورىلارنى ئىچىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان قۇسۇش- ياندۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

93.قانداق قىلغاندا قايناتما دورىلاردىكى ئاچچىق تەمنى ئازايتقىلى بولىدۇ؟

94. تەييار جۇڭيى دورىسىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟

95.نىمە ئۈچۈن سىنئابار ۋە تەركىبىدە سىنئابار بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى كۆپ مىقداردا ۋە ئۇزاق مۇددەت ئىچىشكە بولمايدۇ؟

96.تەركىبىدە زەرنىخ بار بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

97.بۇۋانە تۇرىدىكى دورىلارنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

98.دىئابىت كېسلى بار بىمارلار شياۋكېۋەن(دىئابىت كۇمۇلچى)نى ئىشكەتكەندىن كيىن نېمە ئۈچۈن قان شېكىرى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ؟

99. تەسىرى ئوخشاپ كېتىدىغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

100.غەربچە دورا تەركىبى بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى ئىچكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

## 1.دورا دېگەن نېمە؟

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە كىشلەرنىڭ كېسلىگە دىئاگنوز قويۇشقا ئىشلىتىدىغان، ئادەمنىڭ فىزئولوگىيلىك ئىقتىدارىنى مەقسەتلىك تەڭشەيدىغان ھەمدە مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىك ياكى ئاساسلىق فونكسىيىلىك شىپاسى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش مىقدارى بەلگىلەنگەن ماددا دورا دەپ ئاتىلىدۇ. بىز ئادەتتە دەپ كېلىۋاتقان جۇڭيى دورىسى خىمىيلىك دورا ۋە غەربچە دورا( خىمىيلىك دورا ۋە بىئو خىمىيلىك دورىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لارنىڭ ھەممىسى دورا دەپ ئاتىلىدۇ.

بىزدە《كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش》دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ مەنىسى كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا چوقۇم مەقسەت ئېنىق بولۇش كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. يەنى قانداق كېسەلنى داۋالىماقچى بولسا شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. ئېنىق دىئاگنوز قويۇلمىغان ئەھۋالدا ئەڭ ياخشىسى ئۆزى خالىغانچە دورا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

دورىنىڭ ئۈچ ئۈلۈشى زەھەر دېگەن گەپ بار، دورىنىڭ ئادەم داۋالاش رولىدىن باشقا ناچار تەسىرىمۇ بار. دورا مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىسە ياكى مىقدارى ئېشىپ كەتسە كىشلەرنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز دورا ئىشلىتىشكە ئائىت بەزى ساۋاتلارنى ئېگىلەپ، دورىنى ئىلمى ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئۇنى ساغلاملىقىمىزنىڭ باشپاناھىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## 2.دورا بىلەن ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

ساغلاملىق يېمەكلىك بىلەن دورىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك پەرقى شۇكى، ساغلاملىق يېمەكلىكنىڭ ئېنىق بولغان كېسەل داۋالاش رولى يوق، كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلمەيدۇ، پەقەت ساقلىقلىنى ساقلاش ئىقتىدارى بار، ھازىر بەزى ساغلاملىق يېمەكلىكى قانۇنسىز ئېلانلاردا كۆپتۈرۈپ 《ھەر قانداق كېسەلنى داۋالايدۇ》 دەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتىدۇ، بىز

بۇنداق قانۇنسىز ئېلانلارغا ئالدىنىپ يۈرمەستىن، نورمال داۋالاشقا تەسىر يەتكۈزۈپ، كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاغرىپ قالساق، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشىمىز لازىم.

**3.ساغلاملىق يېمەكلىكى بىلەن دورىلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟**

پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاددى ئۇسۇلى شۇكى، سىز دورا سېتىۋالغاندا چوقۇم ئالدى بىلەن دورىنىڭ ئورالما قېپىدىكى《تەستىق نومۇرى》غا قارىشىمىز كېرەك. دورا تەستىق نومۇرىغا《دۆلەت دورا تەستىق نومۇرى》دىگەن خەت يېزىلىدۇ، ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنىڭ تەستىق نومۇرىغا دۆلەت ساغلاملىق يېمەكلىكى ياكى X سەھىيە ساغلاملىق يېمەكلىكى دىگەن خەت يېزىلغان بولىدۇ. سىز دورا سېتىۋالماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن تەستىق نومۇرىغا ئوبدان قارىشىڭىز، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەستىق نومۇرى بولمىغان دورىنى ھەرگىزمۇ سېتىۋالماسلىقىڭىز كېرەك.

**4. رېتسېپلىق ۋە رېتسېپسىز دورا دىگەن نىمە؟**

بىمارلارنىڭ دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دورىنىڭ ئىشلىنىش جەريانى، بىخەتەرلىكى، دورا شەكلى، ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىش يوللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، دورا رېتسېپلىق ۋە رېتسېپسىز دورا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

رېتسېپلىق دورا- دوختۇر رېتسېپ يازغان، بىمارلار دوختۇرنىڭ رېتىپى بويىچە سېتىۋالغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

رېتسېپسىز دورا- دوختۇر رېتسېپ يازمىسىمۇ بولىدىغان، ئىستىمالچىلار ئۆزلىرى دورا دۇكانلىرىدىن سېتىۋالدىغان ياكى ئىشلىتىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

رېتسېپسىز دورىلار بىخەتەرلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن Aتۈرىدىكى رېتسېپسىز دورا ۋە Bتۈرىدىكى رېتسېپسىز دورا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. Aتۈرىدىكى رېتسېپسىز دورىلارنى چوقۇم دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزورلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېتىۋېلىش ۋە

ئىشلىتىش كېرەك. Bتۈرىدىكى رېتسېپسىز دورىنى دورا دۇكانلىرىدا ساتقاندىن سىرت، يەنە دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلىغان تاللا بازىرى، مېھمانساراي، تۈرلۈك ماللار دۇكىنى قاتارلىق جايلاردىمۇ سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.

**5.ئۆزىڭىز سېتىۋالغان دورىنىڭ رېتسېپلىق ياكى رېتسېپسىز دورا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟**

دۇكاندىن دورا سېتىۋالغاندا سىز ئالدى بىلەن دورا دۇكىنىدىن رېتسېپلىق ياكى رېتسېپسىز دورا دېگەن دورا پۇكېينى تېپىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر دورا پۇكېينىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە OTCدېگەن يېشىل بەلگە يېزىلمىغان بولسا، ئۇنداق دورا پۇكېيى رېتسپسىز دورا پۇكېيى بولىدۇ. ئەگەر دورا پۇكېيدە رېتسپلىق دېگەن بەلگە بولغان بولسا، بۇ پۇكەيدىكىسى رېتسپلىق دورا بولىدۇ. ئەگەر دۇكاندا يوقارقىدەك بەلگىلەر بولمىسا، سىز دورا ساتقۇچىدىن دورىنىڭ ئورالمىسى ۋە چۈشەندۈرۈسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. رېتسپسىز دورىلارنىڭ ئورالمىسىدا دۆلەت بېكىتكەن رېتسپسىز دورا مەخسۇس بەلگىسى(OTC)بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر سىز رېتسپسىز دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشنى كۆرگەندە يەنە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆرىسىز «دورىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىڭ ھەمدە چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئىشلىتىڭ ياكى كەسپى پراۋىزورنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېتىۋېلىپ ئىشلىتىڭ، رېتسپلىق دورىلانىڭ چۈشەندۈرۈلىشگە دوختۇرنىڭ رېتسپىغا ئاساسەن سېتىۋېلىڭ ۋە ئىشلىتىڭ» دېگەن خەت يېزىلغان بولىدۇ.

**6.دورىنى قەيەردىن سېتىۋالسا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟**

ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلمىسىڭىز، دورا دۇكانلىرىدىن ھەرگىز قارىغۇرلارچە دورا سېتىۋالماڭ، ئەڭ ياخشىسى دوختۇرخانا، شىپاخانىلاغا بېرىپ كېسەل كۆرستىڭ ياكى دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە يېزا، كەنت

دوختۇرلىرىنى تېپىپ كېسەل كۆرسىتىڭ، ئاندىن كېيىن دوختۇرنىڭ رېتسېپى بويىچە دورا سېتىۋېلىپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر كېسەل ئېغىر بولمىسا، يەنە كېلىپ قانداق دورا ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز ئېنىق بىلسىڭىز قانۇنلۇق دورا دۇكانلىرىدىن سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

**7.دورا دۇكانلىرىدىن دورا سېتىۋېلىپ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا كىمدىن مەسلىھەت سوراش كېرەك؟**

ئەگەر سىز دورا دۇكىنىدىن قايسى خىل دورىنى سېتىۋالماقچى بولغاندا ياكى دورا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئىككىلىنىپ قالغاندا، ئەڭ ياخشىسى دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزوردىن مەسلىھەت سوراڭ. كەسپى پراۋىزور سىزگە دورا ئىشلىتىش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەسلىھەت سوراش مۇلازىمىتى قىلىدۇ. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە كەسپى پراۋىزورلارنىڭ سانى يەنىلا كۆپ ئەمەس، يېزىلاردىكى پراۋىزورلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز، ئەگەر دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزور بولمىسا، پراۋىزور ياكى باشقا دورا تېخنىك خادىملىرىدىن مەسلىھەت سوراش لازىم ياكى دورا ئىشلىتىشتىن بۇرۇن دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل، تەپسىلى كۆرۈپ چىقىش لازىم.

**8.دورا دۇكانلىرىدىن دورا سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

دورا دۇكانلىرىدىن دورا سېتىۋالغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە نوقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1)دورىنى چوقۇم قانۇنلۇق دورا دۇكىنىدىن سېتىۋېلىش كېرەك. قانۇنلۇق دورا دۇكىنىغا دورا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق دورا دۇكىنى ئېچىگە «دورا تىجارەت ئىجازەت كىنىشكىسى» ۋە «تىجارەت كىنىشكىسى» ئېسىلغان بولىدۇ.

2)ئەگەر قايسى خىل دورىنى سېتىۋالماقچى بولغانلىقى ئېنىق بولسا بىۋاستە شۇ دورىنىڭ نامىنى ئېيتسا بولىدۇ. ئەگەر قانداق دورا سېتىۋېلىشنى بىلمىگەندە، دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزورلارغا ئۆزىنىڭ دورا سېتىۋېلىش مەقسىدى، ئۆزى ئىشلىتىدىغان ياكى باللار

ۋە چوڭلار ئىشلىتىدىغانلىقىنى ۋە ياكى قانداق كېسەلگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك.

3)رېتسېپلىق دورا سېتىۋالماقچى بولغاندا چوقۇم دوختۇرنىڭ رېتسېپىغا ئاساسەن سېتىۋېلىش ۋە ئىشلىتىش كېرەك. دوختۇرنىڭ رېتسېپى بولمىسا دورا دۇكانلىرى سىزنىڭ دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، سىزگە رېتسېپلىق دورىلارنى خالىغانچە سېتىپ بەرمەيدۇ.

4)رېتسېپسىز دورىلارنى سېتىۋالغاندا بىمارنىڭ كېسىلىنى ئېنىق بىلىش. مەسىلەن: ئىلگىرى قانداق دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكى، ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولغانلىقى، دورا رېئاكسىيە بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن-كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلىش كېرەك.

5)مەلۇم خىلدىكى دورىنى سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى، دورىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقىش، كېسەلگە ماس كېلىدىغان- كەلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئەگەر دورىنىڭ چۈشەندۈرۈش مەزمۇنىنى بىلمىگەندە، دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزورلاردىن مەسلىھەت سوراپ، دورىنى خاتا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

6)دورا سېتىۋالغاندا دورا ئورالمىسىدىكى ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، ئىناۋەتلىك مۇددىتى قاتارلىق مەزمۇنلارغا قاراش، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن دورىلارنى سېتىۋالماسلىق كېرەك.

7)دورا سېتىۋالغاندىن كېيىن دورا سېتىۋالغان تالوننى ئوبدان ساقلاش كېرەك. ناۋادا دورا سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە، دورا سېتىۋالغان تالونغا ئاساسەن پاش قىلىپ، زىياننى تۆلىتىپ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقوق مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. دورا سېتىۋېلىش تالونى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقوق مەنپەئەتىنى قوغداشنىڭ موھىم ئاساسى.

**9.دورىنىڭ ئورتاق نامى بىلەن تاۋار نامىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟**

دۇنيا سودا تەشكىلاتى بېكىتكەن پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدە ئورتاق قوللىنىدىغان ۋە دورا ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈلگەن نامى دورىنىڭ ئورتاق نامى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئاسپىرىن،

تۇباۋچۇشۇڭنا، مۇرەككەپ رېتسېپلىق ۋىيماپىيەن قاتارلىقلار. ھەرقانداق دورىنىڭ ئورالمىسى ۋە چۈشەندۈرۈلىشدە ئۆلچەملىك ئورتاق نامى يېزىلغان بولىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دورىنىڭ ئورتاق نامى ئەڭ روشەن، كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى، دورا سېتىۋالغاندا ئىستىمالچىلار دورىنىڭ ئورتاق نامىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشى كېرەك.

تاۋار نامى: دورا ئىشلەپچىقىرىش كاخانىلىرى بازار رىقابىتى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقوقىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان دورىلارنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ تاۋار نامى قىلىدۇ. مەسىلەن:"بامىر " ئاسپىرىننىڭ تاۋار نامى؛ "يەندى " لوئېرترومېتسىن تابلىتكىسىنىڭ تاۋار نامى. بىر خىل دورىنى ئىشلەپچىقارغان كارخانا، تىزىمغا ئالدۇرغان ماركا ۋە دورا شەكلى ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كۆپ خىل تاۋار نامى بولۇشى مۇمكىن.

**10.ئورتاق نامى ئوخشاش، تاۋار نامى ئوخشاش بولمىغان دورىلارنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولامدۇ؟**

ئورتاق نامى ئوخشاش بولغانلىقى دورا تەركىبىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر تاۋار نامى ئوخشاش بولماي، ئورتاق نامى ئوخشاش بولسا ئۇنداقتا دورىنىڭ مىقدارىدا ئوخشىماسلىق بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئىشلىتىلىشمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئورتاق نامى ئوخشاش بولغان دورىلارنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دورا ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورا چۈشەندۈرۈلمىسىدىكى دورا ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىگە ئوبداق قاراش كېرەك. ئورتاق نامى ئوخشاش دورىلارنىڭ ئەگەر دورا شەكلى، ئۆلچىمى تامامەن ئوخشاش بولسا ئادەتتە ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا دورا دۇكىنىدىكى كەسپى پراۋىزورلاردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك.

**11.نىمە ئۈچۈن دورىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دەيمىز؟**

دورا ـ كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزىدىغان ئالاھىدە تاۋار. قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان لاياقەتلىك دورىلار داۋالاش ئۈنۈمى ۋە دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ. دورا زاۋۇتتىن چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم تەكشۈرۈلگەن، دورا ئورالمىسىدا سۈپەت جەھەتتىن لاياقەتلىك ئىسپاتى بولغان بولۇشى كېرەك. دورا سۈپەت جەھەتتىن لاياقەتلىك بولسىلا بولىدۇ. ئۇ باشقا تاۋارغا ئوخشاش1ـ ،2ـ دەرىجىلىك مەھسۇلات، دەرىجىدىن تاشقىرى مەھسۇلات ۋە ناچار مەھسۇلات دەپ ئايرىلمايدۇ.

ئادەتتىكى ئىستېمالچىلارنىڭ دورىنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلالىشى قىيىن، شۇڭا، كۆپچىلىك دورا سېتىۋالغاندا چوقۇم قانۇنلۇق دورا دۇكىنىدىن سېتىۋېلىشى كېرەك.

**12.ساختا دورا دىگەن نىمە؟**

«دورا باشقۇرۇش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى مەۋجۇت دورا ساختا دورا دەپ ھېسابلىنىدۇ.

1)تەركىبى دۆلىتىمىزنىڭ دورا ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن تەركىبكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دورا. مەسىلەن: جۇڭيى دورىغا غەربچە دورا تەركىبىنى خالىغانچە قوشۇش.

2)دورا دەپ كۆرسىتىلگەن غەيرى دورا ياكى شۇ دورا دەۋېلىنغان باشقا خىلدىكى دورا. مەسىلەن: كراخمالدىن ياسالغان تابلېت دورىلارنى زۇكام داۋالايدىغان دورا دەۋېلىش، چارۋا ـ ماللارغا ئىشلىتىدىغان دورىلارنى ئادەمگە ئىشلىتىدىغان دورا دەۋېلىش.

**13. قانداق ئەھۋالدا ساختا دورا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ؟**

«دورا باشقۇرۇش قانۇنى»دا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسى مەۋجۇت دورا ساختا دورا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

1)گوۋۇيۈەننىڭ دورا نازارەتچىلىك تارمىقى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان دورا؛

2)بۇ قانۇنغا بىنائەن جەزمەن تەستىقلاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تەستىقلاتماي ئىشلەپچىقارغان، ئىمپورت قىلغان ياكى بۇ قانۇنغا ئاساسەن جەزمەن تەكشۈرتۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ تەكشۈرتمەي ساتقان دورا؛

3)سۈپىتى ئۆزگەرگەن دورا؛

4)بۇلغانغان دورا؛

5)بۇ قانۇنغا بىنائەن جەزمەن تەستىق ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تەستىق ئالمىغان خام ماتېرىيالدىن ئىشلەپچىقىرىلغان دورا؛

6)يېزىلغان مۇۋاپىق كېسەللىك ياكى ئاساسلىق فونكسىيىلىك شىپاسى بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ئېشىپ كەتكەن دورا؛

**14.ناچار دورا دىگەن نىمە؟**

«دورا باشقۇرۇش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەركىبى بىلەن مىقدارى دۆلەتنىڭ دورا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دورا ناچار دورا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: دورا مىقدارى تەلەپكە يەتمىگەن، تەركىبى بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ئېشىپ كەتكەن دورىلار.

**15.قانداق ئەھۋالدا ناچار دورا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟**

1)ئىناۋەتلىك مۇددىتى يېزىلمىغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن دورىلار؛

2)ئىشلەپچىقىرىش تەستىق نومۇرى يېزىلمىغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن دورىلار؛

3)ئىناۋەتلىك مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن دورىلار؛

4)دورا بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئوراش ماتېرىيالى ۋە قاچىسى تەستىقلانمىغان دورىلار؛

5)رەڭ خۇرۇچى، چىرىشتىن ساقلاش خۇرۇچى، خۇشپۇراق ماتېرىيالى، تەم خۇرۇچى، شۇنىڭدەك قوشۇمچە ماتېرىياللار خالىغانچە قوشۇلغان دورىلار؛

6)دورا ئۆلچىمىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان باشقا دورىلار؛

**16.ناچار دورا ياكى گۇمانلىق دورا سېتىۋالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ئەگەر سېتىۋالغان دورىنىڭ سۈپىتىدىن گۇمانلانسىڭىز ياكى سۈپەتسىز دورا ئىكەنلىكىنى بايقىسىڭىز ئالاقىدار ئىسپاتلارنى، جۈملىدىن، سېتىۋالغان دورا ۋە دورا ئورالمىسى، دورا سېتىۋالغان تالوننى ئوبدان ساقلاپ، ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ياكى شەھەر دەرىجىلىك يېمەكلىك دورا نازارەت قىلىش- باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىڭ.

**17.قانداق دورىلار ۋاقتى ئۆتكەن دورا بولىدۇ؟**

دورا ماركىسىدىكى ئىناۋەتلىك مۇددىتى يىل، ئاي،كۈن تەرتىپى بويىچە ئىزاھلىنىدۇ. يىل تۆت خانىلىق سان بويىچە، ئاي ۋە كۈن ئىككى خانىلىق سان بويىچە كۆرسىتىلىدۇ. كونكرېت ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ:

ئىناۋەتلىك مۇددىتى XXXX-يىلىXX-ئايغىچە ياكى ئىناۋەتلىك مۇددىتى XXXX-يىلى XX-ئاينىڭ XX-كۈنىگىچە؛ سان ياكى باشقا بەلگىلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ؛ ئىناۋەتلىك مۇددىتىXX. XXXX ياكى ئىناۋەتلىك مۇددىتى XX\XX\XXXX قاتارلىقلار. مەسىلەن: مەلۇم دورىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى 2003-يىلى3-ئاينىڭ15-كۈنى، دورا ماركىسىدىكى ئىناۋەتلىك مۇددىتى كۆپ خىل ئۇسۇلدا بولىدۇ. ئىناۋەتلىك مۇددىتى 2006-يىلى 2-ئايغىچە دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ دورىنى 2006-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، 2006-يىلى 3-ئايدا ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىناۋەتلىك مۇددىتى2006-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى دەپ يېزىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ دورىنى 3-ئاينىڭ 14-كۈنىگىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، 15-كۈنى ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. دورا سېتىۋالغاندا دورا ئورالمىسى ئۈستىگە يېزىلغان ئىناۋەتلىك مۇددىتىگە ئوبدان قاراش، ۋاقتى ئۆتكەن دورىلارنى ھەرگىزمۇ سېتىۋالماسلىق كېرەك.

**18.ئادەم ئالدايدىغان، قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانلىرىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟**

كۆپچىللىك:«داۋالاش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى، كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالايدۇ، بىخەتەر، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئەكس تەسىرى يوق»، «ئەڭ يېڭى، ئەڭ يۇقىرى تېخنىكا، ئەڭ ئىلغار ئۇسۇل بىلەن ئىشلەنگەن»، «دورا شاھى»، «دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى دورا»، «ساقىيىش نىسبىتى%90تىن يۇقىرى، ئۈنۈملۈك نىسبىتى %100گە يېتىدۇ، مەنپەت قىلمىسا پۇلى قايتۇرۇلىدۇ»، «سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرغان» دېگەنگە ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ دوا ئېلانلىرىغا ھەرگىزمۇ ئىشىنىپ قالماسلىق كېرەك. بۇنداق ئېلانلار كۆپىتۈرۈلۈپ تەشۋىق قىلىنىپ ئىستىمالچىلارنى ئالدايدۇ. ئومومەن مۇتەخەسسىس، دوختۇر، بىمار، باللارنىڭ نامى ۋە ئوبرازىدىن پايدىلىنىپ قىلىنغان تەشۋىقاتمۇ قانۇنسىز ئېلان ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئېلانلارنىڭ سۆزلىرى كىشلەرنى ھەر قانچە جەلىپ قىلسىمۇ، كۆپچىللىك ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا جامائەت سورۇنلىرى، مەسىلەن: باغچا، تىياتىرخانا، مېھمانساراي، مەيدان قاتارلىقلاردا ساغلاملىق لېكسىيىسى، مەسلىھەت بېرىش، دورىنى ھەقسىز بېرىش، دورىلارنى قوشۇپ ھەدىيە قىلىش ياكى سوۋغات بېرىش ھەتتا ئائىلىلەرگىچە كېلىپ دورا ھەدىيە قىلىش قاتارلىق ناملار بىلەن دورا تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئېھتىياتچان بولۇش، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**19.قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانلىرى بايقالسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

قانۇنغا خىلاپ دورا ئېلانلىرى بايقالغاندا، دەرھال شۇ جايدىكى سودا-سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. 12315 پاش قىلىش تېلېفونىغا تېلېفون قىلسىمۇ بولىدۇ.

**20.باھاسى قىممەت دورىلار تېخىمۇ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولامدۇ؟**

دورا باھاسى تەتقىق قىلىش جەريانىدا سەرپ قىلىنغان پۇل ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دورىنىڭ بىخەتەرلىكى دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسى(ياكى زەھەرلىكى) ۋە كېسەل داۋالاش ئۈنۈمىگە باغلىق. بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى مەسىلە. شۇڭا باھاسى قىممەت دورىلارنىڭ تېخىمۇ بىخەتەر، ئۈنۈملۈك بولۇشى ناتايىن.

**21. دورا باھاسىدا مەسىلىگە يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك؟**

دورا باھاسىدىن گۇمانلانغاندا ياكى دورا دۇكىنى، دورىخانا ياكى شىپاخانىلارنىڭ دورا باھاسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى بايقالغاندا، شۇ جايدىكى باھا باشقۇرۇش تارماقلىرىغا پاش قىلىش كېرەك.

**22.ئۇكۇلنىڭ ئۈنۈمى دورىدىن ياخشىمۇ؟**

بىز بىمارلارنىڭ ئۇكۇل دورىدىن تېز ئۈنۈم بېرىدىكەن، ئۇكۇل ئۇردۇرسا دورا يېگەندىن تېز ساقىيىدىكەن دىگەنلىكىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش دىگەندەك توغرا ئەمەس. دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئۇكۇل ھەقىقەتەن دورىدىن تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. لېكىن كېسەلنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇكۇل ئۇرۇپ داۋالاش زۆرۈر بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى كېسەللەرگە دورا ئۇكۇلدىن تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. مەسىلەن: ھەزىم قىلىش يولى كېسەللىرىگە دورا ئىچكۈزۈلسە ،دورىنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى يەرلىك قويۇقلۇقى يوقىرى بولىدىغان بولغاچقا ياخشى شىپا بولىدۇ. ئادەتتىكى زۇكام قاتارلىقلارغا ئۇكۇل ئۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇكۇل ئۇردۇرغان تەقدىردىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىشى ناتايىن، دورا ئىچسىلا بولىدىغان، ئۇكۇل ئۇردۇرسا بولمايدىغان ئەھۋالدا، ئۇكۇل ئۇردۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇش تېخىمۇ ئارتۇقچە ئىش ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇكۇل ئۇردۇرۇش كىشىگە بەلگىلىك ئازاپ كەلتۈرمەيمۇ قالمايدۇ.

**23.ئۇكۇل ياسالمىسىنى ئىچىشكە بولامدۇ؟**

ئۇكۇل ياسالمىسى ئۇكۇل قىلىنغاندا دائىرىلىك ئاغرىق پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا،

بىمارلارنىڭ بەزىسى ئۇنى ئۇرماي ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇنى ئورگانىزىمدىكى توقۇلمىغا ياكى قان تومۇرغا بىۋاستە كىرگۈزسە بولىدىغان يەردە، ئىچسە تېخىمۇ ياخشى بولارمىش. بۇنداق قاراش خاتا. چۈنكى

1)دورىنىڭ تولىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئوكۇل ياسالمىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇكى، بۇ دورىلار ھەزىم قىلىش يولىدا تۇراقلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ ياكى ياخشى سۈمۈرۈلمەسلىكى سەۋەبلىك قان دورىسىنىڭ ئۈنۈملۈك قويۇقلۇق دەرىجىسگە يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: پېنتسىلىن( چىڭمىيسۇ)، ئادرېنالىن(شىنشايشيەنسۇ) قاتارلىقلار ئىچلىگەندىن كېيىن ئاشقازان، ئۈچەيدىكى ھەزىم فېرمېنتى تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلىدۇ، گېنتامىتسىن(چىڭدامىيسۇ)، ھېپارىن(گەنسۇ) قاتارلىقلار ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ئاسان سۈمۈرەلمەيدۇ.

2)دورىلارنىڭ بەزىسى ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنى كۈچلۈك غىدىقلاش رولىغا ئىگە بولغاچقا، ئىچلىگەندىن كېيىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇش، قۇستۇرۇش قاتارلىق ئەكس تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3)بەزى دورىلارنىڭ ئىچلىگەندىكى رولى بىلەن ئوكۇل قىلىنغاندىكى رولى تامامەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ماگنىي سۇلفات(ليۇسۇەنمېي) سۇيۇق دورىسى ئىچىنى سۈرۈش رولىنى ئوينىسا، ئۇنىڭ ئوكۇل ياسالمىسى تىنچلاندۇرۇش ۋە چۆچۈشكە تاقابىل تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا بۇ ئىككىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

4)ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ بەزىسىنىڭ ئېرىتكۈچىسى ئوكۇلغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بولماستىن بەلكى ئىسپىرت، گىلىتسىرىن، پروپىلىن گلىكول، پولى گلىكول يىكى بولمىسا باشقا خىمىيىلىك ئېرىتكۈچىلەر، ئۇلانىڭ ئۈچەيىنى غىدىقلاش رولى بولغاچقا، ئىچىشكە بولمايدۇ.

5)ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ مىقدارى ئىچىدىغان تابلېتكا مىقدارىنىڭكىدىن نۇرغۇن ھەسسە كۆپ بولغاچقا، ئېگىلەش قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھاسىمۇ 10 ھەسسە ئەتراپىدا

پەرقلەنگەچكە، ئىسراپچىلىق پەيدا بولىدۇ.

6)ئوكۇل ياسالمىسىنىڭ بەزىسىنى ئۇرغاندا تېرە ئاستى سىنىقى ئىشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز مەيلىچە ئىچىلسە، ئەجەللىك زىيادە سېزىمچان شوكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

شۇڭا دورىنى ئىلمى، ىخەتەر، مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ۋە تېجەشلىك ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئوكۇل ياسالمىسىنى ئىچىشكە بولمايدۇ.

**24.دورا ئىچىش ۋاقتىغا قويۇلىدىغان ئالاھىدە تەلەپلەر قايسىلار؟**

دورىنى تاماقتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئىچىش توغرىسىدا دائىملىق بەلگىلىمىدىن باشقا،دورا ئىچىش ۋاقتى توغرىسىدا يەنە مۇنداق ئالاھىدە تەلەپلەر بار:

1)ئۇخلاشتى ئاۋۋال ئىچىش: بۇ ئادەتتە دورىنى ئۇخلاشتىن15ـ30 مىنۇت بۇرۇن ئىچىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇخلىتىش دورىسى، ئۇ ئۈنۈمنى كۆرسەتكەندە بىمارنى شۇئان ئۇخلىتىدۇ. سۈرگۈ دورىسى-رەۋەن(داخۇاڭ)، فنول فتالىن قاتارلىقلار ئىچىپ8ـ10 سائەتتىن كېيىن ئۈنۈم بېرىدۇ، شۇڭا ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچسە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە كۈچىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۆت خالتىسىنى سايىلاندۇرۇش دورىسى، ئۇنى ئىچىپ 12ـ14 سائەتتە ئاندىن ئۈنۈم پەيدا بولىدۇ. ئۇنىمۇ ئاخشىمى ئىچىش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، دورىنىڭ قىزىلئۆڭگەچنى يارىلاندۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دورا ئىچىپلا ياتماي، ئانچە-مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ ئاندىن يېتىش كېرەك.

ئاچ قورساق ئىچىش: بۇ ئادەتتە سەھەردە ئاچ قورساق ئىچىشنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ ساندىكى قۇرت چۈشۈرىدىغان دورىلارنى ئاچ قورساق ئىچىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەگەردە ئۇ تاماقتىن كېيىن ئىچىلسە، دورىنى يېمەكلىك توسىۋالىدۇ-دە داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئامپىتسىللىن، نوفوشاسىڭ قاتارلىقلارنى تاماقتىن ئاۋۋال ياكى تاماق يەپ ئىككى سائەتتىن كېيىن يېرىم ئاچ قورساق ھالەتتە ئىچسە شىپا بولىدۇ. دېمەك، يېمەكلىك بىئو ماددىلاردىن پايدىلىنىش دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2)قان بېسىمنى چۈشۈرۈش دورىسى: ئادەم بەدىنىدىكى قان بېسىمى ئەتىگەن ۋە چۈشتە بىر قېتىمدىن ئۆرلەيدۇ. شۇڭا قان بېسىمنى ئۈنۈملۈك تېزگىنلەش ئۈچۈن قان بېسىمنى چۈشۈرۈش دورىسىنى بىر كۈندە پەقەت بىر قېتىم ئىچىش كېرەك. مەسىلەن: ئەنلۇدىپىڭ، يىنا پۇلىن، سوتالور، مۇرەككەپ رېتسىپلىق قاننى راۋانلاشتۇرغۇچى تىرىئامېتىرىن قاتارلىقلار. بۇ دورىلارنى ئىچىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 7ئەتراپىدا بولىدۇ.

3)خامۇشلۇققا قارشى دورىلار: غەمكىنلىك، تەشۋىشلىنىش، گۇمانسىراش، قاتارلىقلار خامۇشلۇقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئادەتتە سەھەردە ئېغىر، كەچتە يەڭگىل بولىدۇ. فۇشىدىن، پالوشىدىن قاتارلىق دورىلارنى سەھەردە ئىچىشكە ماس كېلىدۇ.

4)سۈرگۈ دورىسى: ماگنىي سۇلفات تۇزى تۈرىدىكى سۈرگە دورىسىنى سەھەردە ئىچسە شۇئان تەسىر پەيدا بولىدۇ. دورا ئىچىپ بەش سائەتتىن كېيىن ئىچى سۈرۈش توختايدۇ.

دورىنى تاماق بىلەن بىرگە ئىچىش

1)قان شېكىرىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار: مېلبىن(ئەرجىيا شۇاڭگۇا)، ئاكا پوتاڭ، كېلىمپىنياۋ قاتارلىق دورىلار تاماق بىلەن بىرگە ئىچىشكە ماس كېلىدۇ. ئاكا پوتاڭنى تۇنجى يېگەن تاماق بىلەن تەڭ يۇتۇۋەتسە ئاشقازان، ئۈچەينىڭ غىدىقلىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. كېلىمىنياۋنى بىرىنچى قېتىم تاماق يېگەندە ئىچىش كېرەك.

2)باكتېرىيىگە قارشى دورىلار: گىرىزېئوفولۋىن سۇدا ئاسان ئېرىمەيدۇ. ئەگەر مايلىق تاماق بىلەن بىرگە ئىچىلسە، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قان پلازمىسىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3)ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان دورىلار: بىياۋفېيمىڭ، فېرمېنت، بانكرىئاتىن، كراخمال فېرمېنت قاتارلىق دورىلارنى تاماق بىلەن ئىچىشكە ماس كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، يېمەكلىك بىلەن بىرلىشىپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئىككىنچىدىن،

ئاشقازان سويۇقلۇقىدىكى كىسلاتانىڭ بۇزغۇنچىلىقىدا ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

### 25.دورىنى نىمە ئۈچۈن ۋاقتىدا مىقدارى بويىچە ئىچىش كېرەك؟

بىمارلارنىڭ بەزىسى دورىنى خالىغانچە ئىچىدۇ. بەزىلەر دورىنى كۆپرەك ئىچسە تېزراق ساقىيىدۇ دەپ قارىسا؛ يەنە بەزىسى بىر قانچە قېتىم كۆپ ياكى ئاز ئىچكەننىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلسا دورىنىڭ ئۈنۈمگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن بەلكى ئادەم بەدىنىگە زىيان يېتىشىمۇ مۇمكىن.

دورىنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى قاندىكى دورىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ھالبوكى، ئۇنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ مۇئەييەن دەرىجگە يېتىشى دورىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى زۆرۈر شەرت. دورا مىقدارى بەك ئاز بولۇپ قالسا، داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشى ناتايىن. ئەكسىچە، دورىنىڭ ناچار رىئاكسىيىسى ئېغىرلاپ كېتىشى ھەتتا دورىدىن زەھەرلىنىپ قېلىش مۇمكىن، بولۇپمۇ شىپالىق مىقدارى بىلەن زەھەرلەش مىقدارى بىر قەدەر يېقىن دورىلار تېخىمۇ شۇنداق.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دورىنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى ۋە دورا ئىچىش ۋاقىت ئارىلىقى ئىختىيارەن بەلگىلەنگەن بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئىلمى ئاساسقا ئىگە، يەنە كېلىپ دورىلار بىر-بىرى بىلەن ئوخشمايدۇ. شۇڭا، بىمار دورا ئىچكەندە ئۇنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى ياكى دورا چۈشەندۈرۈشگە ئاساسەن ۋاقتىدا، مىقدارى بويىچە ئىچىش كېرەك.

### 26. دورىنىڭ ناچار رىئاكسىيىسى دىگەن نىمە؟

دورىنىڭ ناچار رىئاكسىيىسى دېگىنىمىز- لاياقەتلىك دورىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ياكى فىزىئولوگىيلىك ئىقتىدارىنى تەڭشەش جەريانىدىكى نورمال مىقدارى بويىچە دورا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان دورا ئىشلىتىش مەقستى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان زەھەرلىك ۋە كۈتۈلمىگەن ئەكس تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دورا

مىقدارىنى مەقسەتسىز ياكى قەستەن ئاشۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان ئەكس تەسىر ۋە دورا ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئەكس تەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا دورا ناچار رېئاكسىيىسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى، بولۇپمۇ ئۇ ئۇزاق ياكى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلسە، ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ھەتتا ئېغىر زەھەرلىنىش ۋە قوشۇمچە رېئاكسىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قاتتىق ئېيتقاندا، دورىلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك مۇئەييەن شارائىتتا ناچار رېئاكسىيە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ مۇۋاپىق ئىشلىتىلسىلا، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى ياكى زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ دورىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ فارماكولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، دورا مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكنى قاتتىق ئېگىلەپ، مۇۋاپىق مىقداردا ۋە داۋالاش كۇرسى بويىچە ئىشلىتىشىمىز، ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتە چەكلىنىدىغان ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. دورا ئىشلىتىش جەريانىدا يەنە كېسەللىكنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، دورا پەيدا قىلغان ناچار رېئاكسىيىسىنى ۋاقتىدا سېزىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. يېڭى دورىلارغا قارىتا، كلىنىكىلىق تەجرىبە ۋە ئۇنىڭ زەھەرلىك رېئاكسىيىسى، قوشۇمچە تەسىرى قاتارلىقلارنى كۆزىتىش ھەم چۈشىنىش كەمچىل بولغاچقا، ئۇنى ئىشلەتكەندە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

### 27.دورىنىڭ قوشۇمچە تەسىرى دېگەن نېمە؟

دورىنىڭ قوشۇمچە تەسىرى دورىنى داۋالاش مىقدارى بويىچە ئىشلىتىش جەريانىدا يۈز بەرگەن داۋالاش نىشانىدىكى كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان، يەنە كېلىپ يۈز بېرىشى مۇقەررەر بولغان باشقا تەسىرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دورا كۆپىنچە ھاللاردا كۆپ خىل تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەم پايدىلانغاندا كۆرسىتىدىغان مەلۇم بىر تەسىرىدىن باشقا قوشۇمچە تەسىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

دورىنىڭ شىپالىق تەسىرى بىلەن قوشۇمچە تەسىرى شۇ دورىنىڭ خاس فارماكولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى سەۋەبلىك بولىدۇ. بۇ بىر نىسبىي ئۇقۇم. شۇڭا ئۇ كېسەللىكنى داۋالاش مەقسىتىگە يارىشا ئۆزگىرىدۇ.

دورىنىڭ قوشۇمچە تەسىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىگە چېتىلىدۇ ۋە ھەرخىل ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ئالامىتى بىر قەدەر يېنىك بولۇپ، بىمار بەرداشلىق بېرەلەيدىغان دائىرىدە بولغان بولىدۇ ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، دورا ئىشلىتىش جەريانىدا بەزى قوشۇمچە تەسىرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: زىيادە سېزىمچانلىقا تاقابىل تۇرۇش دورىسى خلروفېنىرامىننى ئىچكەندە ئۇيقۇ خۇمارلىق، ھارغىنلىق قاتارلىق كېسەللىك ئالامىتى، سىپازمىنى بوشاشتۇرغۇچى دورا بىللادوننانى ئىچكەندە ئاغزى قۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەرنى ئاسانلا پەيدا قىلىدۇ. لېكىن، دورا بىر قەدەر كۈچلۈك قوشۇمچە تەسىر كۆرسەتكەن ياكى ئۇنىڭ قوشۇمچە تەسىرى سەۋەبلىك بىماردا باشقا كېسەللىك پەيدا قىلىش ياكى كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش ئېھتىمالى تۇغۇلغان بولسا، دورا ئىشلىتىشنى توختىتىش، ۋاقتىنچە توختىتىش ياكى باشقا دورىلارنى ئىشلىتىشنى ئويلىشىش كېرەك، قوشۇمچە تەسىرنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ياكى يوق قىلىۋېتىدىغان باشقا دورىلارنى قاراتمىلىق ھالدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

**28.دورا ناچار رېئاكسىيىسى يۈز بەرسە قانداق قىلىش كېرەك؟**

دورا ناچار رېئاكسىيىسى يۈز بەرسە، بىمار ناچار رېئاكسىيە بەرگەن گۇمانلىق دورىنى ئىچىشنى توختىتىشى ھەمدە دوختۇردىن مەسلىھەت سورىشى، گۇمان قىلغان كېسەللىك ئالامىتى ھەقىقەتەن دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىگە تەۋە بولسا، ئۇ دورىنى شۇنىڭدىن كېيىن ئىچىشتىن ئېھتىيات قىلىشى، ناچار رېئاكسىيىسى بەرگەن ھەمدە ئۇ ناھايىتى ئېغىر بولغان بولسا، ئۇ دورىنى قايتا ئىچىشتىن ساقلىنىش، ئەگەر ناچار رېئاكسىيە بەرگەن ھەمدە

ئۇ ناھايىتى ئېغىر بولسا، دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىپ، ئۇ دورىنى بەدەندىن چىقىرىپ ئالاقىدار ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىنى قوغداشقا ياردەم بېرىدىغان باشقا دورىلارنى ۋاقتىدا ئىشلىتىش كېرەك. «دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى دوكلات قىلىش ۋە كۆزىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەخسلەر دورىنىڭ گۇمانى ناچار رېئاكسىيىسىنى سەزگەندە، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك يېمەكلىك دورا نازارەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ ناچار رېئاكسىيىنى كۆزىتىش مەركىزىگە دوكلات قىلىش كېرەك.

دۆلەت دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى دەرىجىمۇ-دەرىجە قەرەللىك دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. دورىنىڭ ئېغىر ياكى ئاز ئۇچرايدىغان ناچار رېئاكسىيىسىنى ئۇدۇللۇق دوكلات قىلىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا دەرىجە ئاتلاپ دوكلات قىلىشقا، يەنى دۆلەت يېمەكلىك دورا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىغا بىۋاستە دوكلات قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

### 29.ھاراق ئىچسە قايسى دورىلارنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ؟

1)ئاق ھاراق ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل تىنىچلاندۇرۇش دورىسى، بىراق تىنىچلاندۇرۇش دورىسى، ئۇيقۇ دورىسى، خامۇشلۇققا قارشى دورا ۋە روھى كېسەللەرگە تاقابىل تۇرۇش دورىسىنىڭ مەركىزى نېرۋىنى تورمۇزلاش رولىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مەركىزى نېرۋىنىڭ تورمۇزلىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسى كېلىش، ھوشىدىن كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، فىنوباربېتال، زوپىكېلوك، دىسپەن، لىپىيتوك قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندە ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ.

2)ئاق ھاراق ئاشقازان، ئۈچەينىڭ شىلىملىق پەردىسىنى غىدىقلاپ سۇلۇق ئىششىق پەيدا قىلىدۇ ۋە قاناشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشقازان كېسلاتاسى ۋە ئاشقازان ئاقسىل فېرمېنتىنىڭ ئاجرىلىشىشغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئاسپىرىن، ئىندول ئاشىن، بۇلۇفىن، ئاشمىيسىن قاتارلىق قىزىتمىنى ياندۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىدىغان دورىلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئىچكەندە ئاشقازان ئۈچەي شىللىق پەردىسىنىڭ غىدىقلىنىشىنى

ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئاشقازان يارىسى ياكى ئاشقازان قاناشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3)قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىدىغان بىنيى شۇاڭگۇا، گېلىنىبېنناۋ، گېلىنكۇيتۇڭ، تولبۇتامىد قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندە ئاق هاراق ئىچمەسلىك كېرەك. چۈنكى هاراق قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەركىزى نېرۋىنى تورمۇزلاشنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، هوشىدىن كېتىش، شۇك بولۇپ قېلىش، قان شېكىرى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتالىق كېسەللىكلەرنى ئاسانلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4)فۇرازولىدۇننى بىر هەپتە ئىچكەندىن كېيىن ئازراق هاراق ئىچكەن تەقدىردىمۇ يۈزى قىزىرىش، يۈرەك رېتىمى تېزلىشىش، كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش، باش ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، چۈنكى ئىسپىرت دورىنىڭ بەدەندە ئاجرىلىشىشنى تورمۇزلاپ، ئاسېتالدېگىدنىڭ بەدەندە زور مىقداردا يىغىلىپ قېلىشى سەۋەبلىك زەهەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇزاق مۇددەت ياكى زىيادە هاراق ئىچكەندە جىگەرنىڭ زەهەر تازىلاش بېسىمى ئېشىپ كېتىپ جىگەرنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، جىگەر قېتىشىش ياكى جىگەرنى ياغ قاپلاش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. دورىنىڭ تەندە ئالمىشىشى ئاستىلايدۇ.

**30.ئانتىبىئوتىن(كاڭشىڭسۇ)نىڭ ناچار رېئاكسىيىسى قايسىلار؟**

ئانتىبىئوتىن نۆۋەتتە هەرخىل يۇقۇملارنى تېزگىنلەشتىكى ئۈنۈملۈك، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان دورا تۈرىنىڭ بىر بۇلۇپ، ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا 100يىلچە بولدى. باشقا دورىلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ مۇئەييەن ناچار رېئاكسىيىسى بار. ئاساسلىقى مۇنۇلار:

1)زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى. پېنىتسىللىن، سېتېپيئومىتسىن، كېفۇلۇتىن قاتارلىقلار ئادەمدە زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىر بولغاندا جانغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. ئانتىبىئوتىنلارنىڭ زىيادە سېمچانلىق رېئاكسىيىسى كۆپىنچە هاللاردا دورا ئەسۋىسى، تېرە ياللۇغى ۋە دورا قىزىتمىسى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

2) زەھەرلىك رېئاكسىيىسى: ئانتىبىئوتىنلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دائىملىق زەھەرلىك رېئاكسىيە ئاڭلاش سېزىمى نېرۋىسى زىيانغا ئۇچراش، قان ھاسىل قىلىش سىستېمىسى توسالغۇغا ئۇچراش. بۆرەك ۋە جىگەر زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراش، شۇنىڭدەك ئاشقازان ـ ئۈچەي رېئاكسىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3)ئىككى ياقىلىملىق يۇقۇملىنىش. ياشانغانلار، بوۋاقلار، باللار، تېنى ئاجىزلار، قورساق قىسمى ئوپېراتسىيە قىلىنغانلار، شۇنىڭدەك ئانتىبىئوتىنلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلەتكەنلەردە ئاسان كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە ئىككى ياقىلىملىق يۇقۇملىنىشنى تېزگىنلەش بىر ئاز قىيىن، يەنە كېلىپ خەتىرى بىر قەدەر چوڭ.

4)دورىغا چىدامچانلىقى. باكتېرىيەلەرنىڭ تولىسىدا ئانتىبىئوتىنلارغا چىدامچانلىق پەيدا بولىدۇ. ئانتىبىئوتىنلارنى كەڭ ۋە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىۋەرسە، دورىغا چىداملىق باكتېرىيە تۈپى كۆنسايىن كۆپىيىپ، كېسەلنى داۋالاشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەتتا يۇقۇملىنىشنى تېزگىنلەيدىغان سېزىمچان ئانتىبىئوتىننىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

5)دائىرىلىك غىدىقلاش، ئانتىبىئوتىننى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندا، تولىسى دائىرىلىك ئاغرىتىدۇ، ۋېنادىن ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندا قان نوكچىسى خاراكتېرلىك كۆك قان تومۇرى ياللۇغىنى پەيدا قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنى چوقۇم مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ھەرگىزمۇ «ھەممىگە قادىر دورا» دەپ چاغلاپ خالىغانچە ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

**31.مىكرۇبقا قارشى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتكەننىڭ قانداق زىيىنى بار؟**

مىكرۇبقا قارشى دورىلارنى قالايمىقان ئىشلەتكەننىڭ زىيىنى كۆپ ھەم چوڭ، يېنىك بولغاندا شەخسكە، ئېغىر بولغاندا ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مىكرۇبلارنى دورىغا چىداملىق قىلىپ قويىدۇ. ئادەمنىڭ ئورگانىزمى ۋە ئەزالىرىغا زىيان

يەتكۈزىدۇ. ئىككى ياقىلىملىق يۇقۇملىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. تىببى دورا مەنبەسىنى ئىسراپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى چوقۇم ئىلمىي، مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

**32.نىمە ئۈچۈن بىنتسىللىن ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تېرە ئاستى سىنىقى ئىشلىنىدۇ؟**

بەزى دورىلار مەسىلەن: پىنتسىللىن، ستىرېپتومىتسىن، سفالوسپرىن، ۋىتامىن يود دائىرىلىك مەست قىلىش دورىسى، ئىممونىتىنى تەڭشەش دورىسى، بىئو ماددىلارنى ئىشلەتكەندىن كىيىن ئاسانلا زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى يۈز بېرىدۇ. ھەتتا زىيادە سېزىمچانلىق شۇك بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن ئوكۇل سېلىپ دورا بېرىشتىن بۇرۇن تېرە ئاستى سەزگۈرچانلىق سىنىقى ئىشلىنىدۇ، تېرە ئاستى سىنىقى ئىشلىگەندىن كىيىن 15ـ20 مىنۇت كۆزىتىپ، پىلوس ياكى مىنۇس رېئاكسىيىسىنى بېكىتىش كېرەك. چۈنكى پىنتسىلىن ئاسان زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى پەيدا قىلىدۇ، يېنىكرەك بولغاندا قىزىتمىسى ئۆرلەيدۇ ۋە تېرە ئەسۋىسى چىقىدۇ، ئېغىر بولغاندا سىرغىتمىلىق كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ، سويۇلۇشچان تېرە ياللۇغى ھەمدە ئەگەشمە قىزىتما، شۇنىڭدەك پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش ئالامىتى پەيدا بولىدۇ، ئەڭ قورقۇنچلىقى زىيادە سېزىمچانلىق شۇك بولۇپ، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنمىسا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا دوختۇرمۇ بىمارمۇ زىيادە سېزىمچانلىق تارىخىنىڭ بار يوقلۇقىنى ئېگىلىشى كېرەك. كىشلەرنىڭ تولىسى بۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا، پىنتسىللىن ئىشلىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم تېرە ئاستى سىنىقى ئىشلەش كېرەك. تېرە ئاستى سىنىقىدا مۇسبەت رېئاكسىيە كۆرۈلگەنلەرگە پىنتسىللىن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. تېرە ئاستى سىنىقى كۆپ ساندىكى بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنىلا ئىنكاس قىلىدۇ. ئاز ساندىكى كىشلەرنىڭ تېرە ئاستى سىنىقىدا گەرچە مەنپى رېئاكسىيە كۆرۈلسىمۇ، زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

**33.قايسى خىلدىكى مىكروبقا قارشى دورىلار باللارنى ساغلاملىقىغا پايدىسىز؟**

1)يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىگەر فېرمېنت سېستىمىسى نىسبى تولۇق بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىلەن بىرگە بۆرەكنىڭ چىقىرىش ئىقتىدارى ناچار ھەم مىكرۇبقا قارشى زەھىرى كۈچلۈك، بەزى دورىلار. مەسىلەن: جىگەر ئارقىلىق ئالمىشىدىغان خلورومىتسىن، سۇلفامىد قاتارلىق دورىلار ئاساسلىقى بۆرەكتىن چىقىرىلىدىغان ئامىنو شېكىرى، ۋانكومىتسىن، پولىمىكسىن، تېتراتسىكلىن، فۇران تۈرىدىكى دورىلارنى بالىلارغا بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2)تېتراتسىكلىن تۈرىدىكى يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇستىخان ۋە چىشتە ئورۇنلىشىدىغان كالتسىينى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، شۇڭلاشقا بىلەن چىش پىگمېنتى چىش سىرتىغا يېپىشىۋېلىپ چىشنىڭ يېتىلىشى تولۇق بولمايدۇ، شۇڭلاشقا بىلەن چىشنى ئاسانلا قۇرت يەيدۇ، شۇڭا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ياكى 8ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا يوقىرىقى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

3)ئامىنو شېكىرى تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىن دورىلار بالىلارنىڭ بۆرەك ۋە ئاڭلاش نېرۋىسىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ، يېشى كىچىك بوۋاق ۋە بالىلارنىڭ بۆرىكىنىڭ يېتىلىشى ناچار بولغاچقا، دورىلانىڭ چىقىرىلىشمۇ ئاستا بولىدۇ. شۇڭا دائىم دورا مەنبەلىك بۆرەك ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇش ۋە ئاڭلاش نېرۋا ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچراپ گاس بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. بەزى بالىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە ئاڭلىيالماس بولۇپ قالىدۇ.

4)فۇگوۋېنوتۇڭ تۈرىدىكى دورىلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ناچار رېئاكسىيىسى ياش ھايۋانلارنىڭ كۆمۈرچىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ئېغىر بولغانلىرىدا، سۆڭەك بوغۇمى ھۈجەيرىلىرىدە سۇ پۇۋەكچىسى پەيدا قىلىدۇ ۋە سۆڭەك بوغۇمىغا زىيان يېتىدۇ. گەرچە ئىنسانلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز ساندىكى كېسەللەردە بوغۇم قاتتىق ئاغرىش ۋە ياللۇغلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، سۆڭەك سىستېمىسى تولۇق

يېتىلمىگەن 18ياشتىن تۆۋەن باللارغا ئىشلىتىشكە ماس كەلمەيدۇ.

5)خلرومىتسىن تۇرىدىكى دورىلار توسالغۇ مەنبەلىك قان ئازلىق، ئاق قان ھۈجەيرىسى ئازلاپ كېتىش قاتارلىق ناچار رىئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇزاق مۇددەت كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە زىيىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا باللارغا ئىشلىتىشكە ماس كەلمەيدۇ.

**34.زۇكام بولغۇچىلار ئۆزى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغان زۇكام دورىلىرى قايسىلار؟**

زۇكام دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىك. زۇكامنى داۋالايدىغان دورىلار ناھايىتى كۆپ، بىمارلار ئۆزى بىلگەنچە دورا سېتىۋېلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. لېكىن زۇكام بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى خالىغانچە سېتىۋالغان دورىنى يەپ ساقىيىپ كېتىشى ناتايىن. تۆۋەندىكىدەك زۇكام بولغۇچىلار دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دورا ئىشلىتىشى كېرەك.

1)تېنى ئاجىز، ئاسانلا زۇكام بولىدىغانلار: بۇ خىلدىكى بىمارلارنىڭ ئادەتتە تېنى ئاجىز، تېنىنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغانلىقتىن زۇكام تەكرارلىنىدۇ، ئۇزاققىچە ساقايمايدۇ. بۇ باشقا زۇكاملاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۆزى خالىغانچە دورا سېتىۋېلىپ ئىشلەتسە بولمايدۇ، دوختۇرغا كۆرۈنۈش كېرەك.

2)ئېغىر زۇكام بولغانلار ياكى زۇكام بىلەن بىرلىكتە ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولغانلار: زۇكام بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، مەسىلەن: قىزىش، قىزىتمىسى ئۆرلەپ يانماسلىق ياكى يۆتىلىش، بەلغەم كېلىش ياكى كۆكرەك قىسمى ئاغرىش، ھاسىراش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلەر ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا بېرىپ دىئاگنوز قويدۇرۇشى كېرەك.

3)سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسلى بار بولغان زۇكام بولغۇچىلار: يۈرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار، سوزۇلما خاراكتېرلىك بۆرەك كېسلى، دىئابىت كېسلى، يوقىرى ھەزىم يولللىرىدا يارا پەيدا بولۇش قاتارلىق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسلى بار بولغۇچىلار دوختۇردىن مەسلىھەت سورىشى ياكى دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنىشى كېرەك. چۈنكى بەزى سوزۇلما

خاراكتېرلىك كېسەللەر زۇكام بولغاندا ئەسلىدىكى كېسەللەر ئاسانلا ئېغىرلىشىدۇ ۋە يېڭى كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە دورا ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولماسلىق تۈپەيلىدىن قوشۇمچە تەسىر قىلىپ، ئەسلىدىكى كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

4)بالىلار، ياشانغانلار، ھامىلدار ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى زۇكام بولغان ئاياللار: بالىلار زۇكام بولسا ئادەتتە قىزىتمىسى ئۆرلەيدۇ، كېسەللىك ئۆزگىرىشى بىر قەدەر تېز بولىدۇ. زۇكامغا قوشۇلۇپ يەنە ئۆپكە ياللۇغى، ۋىرۇسلۇق يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بالىلارنىڭ يېشى كىچىك، بەدەن ئېغىرلىق پەرقى زور بولغانلىقتىن، دورا ئىشلىتىش مىقدارىنى ئاسان ئېگىلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دورا ئىشلىتىش كېرەك. ياشانغانلار ئورگانىزمىنىڭ ماددا ئالمىشىشى ئاستا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئاسانلا قوزغىلىدۇ ھەمدە بەزى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بولغاچقا دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دورا ئىشلىتىش كېرەك. ئاياللار ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللاردا ئالاھىدە فىزىئولوگىيىلىك ئەھۋال بولغانلىقتىن، دورا ئىشلەتكەندە ئېھتىياتچان بولۇپ، دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دورا ئىشلىتىش كېرەك.

**35.زۇكامنى داۋالاشتا قايسى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؟**

زۇكام ـ كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەل، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىش سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۇنىڭغا شىپا بولىدىغان ئۈنۈملۈك دورا يوق دېيەرلىك، ئەگەشمە كېسەللىك بولمىسا، كۆپرەك ئارام ئېلىپ، كۆپرەك سۇ ئىچىپ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئوزۇقلۇقنى تولۇقلاپ، ئېغىز ۋە بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلسىلا، قورامىغا يەتكەن ساغلام كىشىلەر ئادەتتە بىر قانچە كۈندىلا ساقىيىپ كېتىدۇ. قىزىش، باش ئاغرىش، بۇرۇن پۈتۈش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە رېتسېپسىز قىزىتما قايتۇرۇش ـ ئاغرىق پەسەيتىش دورىلىرىنى

ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

1) ئاسپىرىن. ئۇ ئىشلىتىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئىشلىتىش ئەڭ كۆپ بولغان قىزىتما قايتۇرۇش ـ ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى بولۇپ، زۇكام سەۋەبلىك قىزىش، باش ئاغرىش، پۈتۈن بەدەنني چىقىپ ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىدۇ.

2) پاراتسېتامول. قىزىتما قايتۇرۇش رولى ئاسپىرىنغا ئوخششىپ كېتىدۇ، لېكىن ئاشقازان ۋە ئۈچەيگە بولغان غىدىقلاشچانلىقى ئاجىز. ئاسپىرىننىڭ قۇشۇمچە تەسىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋە ئاسپىرىن زىيادە سېزىمچانلىقى كۆرۈلىدىغانلار بۇ دورىنى ئىشلەتسە بولمايدۇ.

3) ئايبىروفىن(بۇلۇفىن). زۇكام سەۋەبلىك قىزىش، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا دورا تىپلىرىدىن يەنە دانچە دورا، سۇيۇق دورا،بوففېرلاش دورىسى قاتارلىقلار بار.

4) ئالبىن تابلىتى(ئابېنپيەن). ئاساسلىقى بالىلارنىڭ قىزىتمىسىنى قايتۇرۇش شۇنىڭدەك قىزىش سەۋەبلىك بىئارام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

5) سەنلىتۇڭپيەن. قىزىتما قايتۇرۇش رولى ئاسپىرىننىڭكىگە ئوخشاش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى ئاسپىرىننىڭكىدىن ياخشى.

6) مۇرەككەپ پاراتسېتامول تابلىتى. ئۇنىڭ قىزىتما قايتۇرۇش بولى پاراتسېمولنىڭكىگە ئوخشاش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك.

7) مۇرەككەپ پساروفجىن ھىدرو خلورىد تابلىتى(ميشى ۋېيماپيەن). زۇكام سەۋەبلىك قىزىتمىنى قايتۇرۇش ۋە ئاغرىق توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە يۆتەلنىا توختىتىدۇ، بۇرۇن پۈتۈش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش قاتارلىق زۇكام سەۋەبلىك كېلىپ چىققان كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىدۇ.

8) بافقىرىن كولد(كۈندۈزلىكى شۇاڭفېن ۋېيماپيەن؛ئاخشىمى مېيپۇ ۋېيماپيەن)

تابلىتى. زۇكام سەۋەبلىك قىزىش، باش ئاغرىش، پۈتۈن بەدەن چىقىپ ئاغرىش، چۈشكۈرۈش، بۇرۇن پۈتۈش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، يۆتىلىش، ياش ئېقىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلاردىن يەنە كيافېن ۋېيماپيەن، شۇاڭپۇ ۋېيماپيەن، ئەنفىن ۋېيماپيەن، پۈئېرمىيماپيەن تابلىتى، فېنماپېيمىنپيەن قاتارلىقلار بار.

9) بۇرۇن پۈتۈشنى داۋالاشتا دائىرىلىك ئىشلىتىلىدىغان نافتازولىن، چياڭجيازولىن، سەيلۇزولىن قاتارلىق بۇرۇنغا تېمىتىش دورىسىنى ئىشلىتىش لازىم.

**36. باش ئاغرىغاندا قايسى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؟**

باش ئاغرىقنى داۋالاشتا ئاساسلىقى ئاغرىش سەۋەبىگە ئېنىق دىئاگنوز قويۇش، ئادەتتە قىزىتمىنى قايتۇرۇپ ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى ئىشلىتىش لازىم. ئاغرىق توختىسىلا باش ئاغرىمايدۇ.

دورا ئىشلەتكەندە ئالدى بىلەن پاراتېسىتا دورىسىنى ئىشلىتىش، چوڭلار بىر قېتىمدا0.3ـ0.6 گرام، 6ـ12ياشقىچە بولغان باللارغا 300ـ500مىللىگرام ياكى 10ـ15مىللىيگرام ياكى 10ـ15مىللىيگرام / كېلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى بويىچە باش ئاغرىغاندا ئىچىش، چوڭلار كۈنىگە 2 گرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئايرىبسوفىن(بولۇفىن)نىڭ ئاغرىق توختىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك چوڭلار ھەر قېتىمدا 0.2ـ0.4گرام، ھەر4ـ6سائەتتە بىر قېتىم، كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا 2.4گرامدىن ئىستىمال قىلىش، باللار ھەر قېتىمدا5ـ10مىلىيگرام / كېلوگرام بەدەن ئېغىرلىقى بويىچە ئىستىمال قىلىشى كېرەك. ئاسپىرىن ياللۇغلانغان ئورۇندا ئاغرىق پەيدا قىلىدىغان ماددا-پروستاگلاندىن تەركىبىنى ئازايتىدۇ، شۇڭا كۆرۈنەرلىك ئاغرىق توختىتىش رولى بار. چوڭلار ھەر قېتىمدا3 .0ـ6 .0گرام كۈنىگە 3قېتىم ياكى ئاغرىغاندا ئىچسە بولىدۇ، لېكىن 3ياشتىن تۆۋەن باللارغا ماس كەلمەيدۇ. جىددىيلىشىش خاراكتېرلىك باش ئاغرىقى ۋە نېرۋىسى

ئۇزۇن مۇددەت جىددىيلەشكەنلەر ئورىزانول(گوۋيسۇ) بىلەن ۋىتامىنB1نى بىللە ئىچسە بولىدۇ.

### 37.قىزىغاندا قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

قىزىش-نۇرغۇن كېسەلگە ئورتاق ئالامەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئادەم تېنىگە پايدىلىق تەرىپىدىن ئېيتقاندا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇۋاپىق ئۆرلىشى تەننىڭ ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، ئورگانىزملارنىڭ بىئولوگىيلىك ماددا ئالماشتۇرۇش ياكى زەھەر قايتۇرۇش، زەھەر ھەيدەش جەريانىنى تېزلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورگانىزمنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەندىكى ئانتىبىئوتىنلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ كېسەل قوزغاتقۇچىلارنى يۇتۇۋېلىش-يوقىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، ۋەھاكازالار.

بۇلار تەننىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، تەننىڭ تەنگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن كېسەل قوزغاتقۇچىلارنى تازىلىشىغا ۋە ئورگانىزملارنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. لېكىن، زىيادە قىزىپ كەتسە ئورگانىزملاردا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، پەي تارتىشىش، چۆچۈش، ھوشىدىن كېتىش قاتارلىق ئېغىر ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، زىيادە ئۇزاق قىزىپ كەتسە يەنە تەن سەرپىياتىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ-دە، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك باشقا كېسەللىكلەرگىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ.

قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى تەننىڭ ئىقتىدارىنى تەڭشەپ، بەدەننىڭ سىرتقى يۈزىدىكى قان-تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ تەرلىتىش، قىزىقى يانغانلىقىنى ئۆزلىكىدىن ھېس قىلدۇرۇپ يېشىندۈرۈش قاتارلىق جەريانلار ئارقىلىق ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشىنى كۆپەيتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىترەشنى توختىتىپ، ئورگانىزملارنىڭ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىشىنى ئازايتىدىغان دورا. ئۇ قىزىشنى ئۈنۈملۈك تېزگىنلەپ بەدەننىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. لېكىن، قىزىشقا سەۋەبچى بولغان كېسەللىكنى يىلتىزىدىن يوقىتالمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئايرىم

ئىشلەتكەندە، دورىنىڭ ئۈنۈمى تۈگىگەن ھامان بەدەننىڭ تېمپېراتۇرىسى يەنە ئۆرلەپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىزىتمىنى داۋالىغاندا، قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى كېسەللىك سەۋەبى ۋە ئەھۋالى بىلەن كارى بولماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئادەتتە قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى ئائىلىدە ئىشلەتكەندە مۇنۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش لازىم :

1) كېسەللىك سەۋەبى ئېنىق بولمىسا ئىشلەتمەسلىك. قىزىشنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتىگە دورا ئىشلىتىش سەۋەبلىك كاشىلا تۇغدۇرۇپ، دوختۇرنىڭ خاتا دىئاگنوز قويۇشىغا سەۋەبچى بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كېسەللىك سەۋەبى نائېنىق قىزىشقا قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ قىزىغان دەسلەپكى مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق.

2) قىسقا ۋاقىتلىق تۆۋەن قىزىتمىغا دورا ئىشلەتمەسلىك. تۆۋەن قىزىتما دېگىنىمىز- ئادەتتە بەدەن تېمپېراتۇرىسى 38.5℃تىن تۆۋەن بولغان قىزىتمىنى كۆرسىتىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ بەدىنى ئۆز يوسۇندا قىزىسا ھېچقانداق غەيرى ئالامەتنى سەزگىلى بولمايدۇ، لېكىن قورامىغا يەتكەنلەرنى كۆپىنچە ھاللاردا كۆرۈنەرلىك بىئارام قىلىدۇ.

3) بەك قىزىپ كەتكەندە دورا ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش. بىمارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 40℃چامىسىغا يەتكەندە، قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى ئىشلىتىشتە چوقۇم تولىمۇ ئېھتىيات قىلىش، ھەر قېتىملىق دورا مىقدارىنى چوقۇم ئازايتىش، دورىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش لازىم .

4) بالا قىزىپ قالسا بالدۇر دوختۇرغا كۆرسىتىپ بالدۇر داۋالىتىش: بالىلار قورامىغا يەتكەنلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ تۆۋەن قىتما ئىنكاسى كۆپىنچە ھاللاردا كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ، لېكىن بەدەن تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەيدۇ، كەچ كىرگىچە ساپ-ساق تۇرىدۇ، كەچمۇ كىرىدۇ-دە، تېمپېراتۇرىسى تېزلىكتە ئۆرلەپ، پېيى تارتىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، بالا

قىزىپ قالسا ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بىلەن قاراش، تۆۋەن دەرىجىدە قىزىپ قالغان تەقدىردىمۇ ۋاقتىدا داۋالتىش ھەمدە كېچىسى تۇيۇقسىز بەك قىزىپ كەتكەندە تەمتىرەپ قالماستىن ۋە دەماللىققا ئىشلىتىش ئۈچۈن، قىزىتما قايتۇرىدىغان دورىدىن ئاز ـ تولا ساقلاپ قويۇش لازىم.

5) دورا ئىچكەن مەزگىلدە سۇنى كۆپ ئىچىش. قىزىتما قايتۇرىدىغان دورىنىڭ ھەممىسى بىمارنى تەرلىتىدۇ، بۇ دورىنىڭ بەدەننىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىشىنى كۆپەيتىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلەتكەن ئىپادىلىرىنىڭ بىرى، بۇ جەرياندا بىمارنىڭ ئېنىرگىيىسى، بەدىنىدىكى سۇ ۋە سۇدا ئېرىيدىغان ۋىتامىنلار خېلى كۆپ مىقداردا خورايدىغان بولغاچقا، قىزىغان بىمار قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى ئىچكەن مەزگىلدە، سۇنى بولۇپمۇ شېكەرلىك سۇنى كۆپ ئىچىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا Bتىپلىق ۋىتامىنلار ۋە ۋىتامىنCنى ئىچسىمۇ بولىدۇ. بۇلار بىمار ئورگانىزمى ئىقتىدارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق. يالغان بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئورگانىزملارنىڭ ئۆزلىكىدىن تەڭشىشى ئارقىلىق تۆۋەنلىتىشكە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، قىزىتمىسى دورا ئىشلەتمەي يانغان بىمارمۇ سۇنى كۆپ ئىچىشى ۋە سۇدا ئېرىيدىغان ۋىتامىنلارنى تولۇقلىشى لازىم

6) قىزىتمىنى زۆرۈر تېپىلغاندا فىزىكىلىق تۆۋەنلىتىشنى قوشۇمچە قىلىش. كېسەللىك ئەھۋالى جىددى، ئىزچىل تۇردە 40℃تىن يۇقىرى قىزىغان بىمارغا قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلىشىشى سەۋەبلىك بىمارنىڭ پېيى تارتىشىپ قېلىش ۋە ھوشىدىن كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قىزىتمىنى فىزىكىلىق تۆۋەنلىتىشنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: ھۆل سۇلياۋ خالتىغا ياكى ئىسسىق سۇ خالتىسىغا موز سۈيى ياكى سوغۇق سۇ قاچىلاپ، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىمارنىڭ باش بويۇن قىسمىنىڭ ئاستىغا ياكى قولتۇقى، تاپىنى، كۆكرىكى قاتارلىق چوڭ قان تومۇر ئۆتىدىغان جايلىرىغا قويۇش كېرەك، شارائىت يار بەرسە

پۈتۈن بەدەنگە سۈيۈقلاندۇرۇلغان ئىسپىرت سۈرتۈپ، تەندىكى ھارارەتنىڭ تارقىلىشىنى تېزلىتىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىششىنى تېزگىنلەشكە بولىدۇ.

قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى دائىم ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەھەرلىك ۋە قوشۇمچە تەسىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: دورا ئەسۋىسى، ئاشقازان- ئۈچەي رېئاكسىيىسى، قان سىستېمىسى رېئاكسىيىسى شۇنىڭدەك جىگەر، بۆرەك ئىقتىدارىنىڭ زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىشى قاتارلىقلار. بۇنداق دورىلارنى ئۇزاق ۋاقىت ياكى زىيادە كۆپ ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ زەھەرلىك ۋە قوشۇمچە تەسىرىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا، قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش لازىم. ئىشلەتمىسىمۇ بولسىلا ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەسلىك-ئۇنىڭدىكى ئاساسىي پرىنسىپتۇر.

**38.ئۇيقۇ دورىسىنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

تىنىچلاندۇرۇش-ئۇخلىتىش دورىسى(ئەنمىيەنياۋ)نىڭ تەسىرى مىقدارىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ، مىقدارى ئاز بولسا تىنىچلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، مىقدارى ئاراخىل بولسا فىزىئولوگىيىلىك ئۇيقۇسىمان ئۇيقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مىقدارى كۆپ بولسا ناركوزلاش، چۆچۈشكە تاقابىل تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيقۇ دورىسى كلىنىكىدا خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1)ئۇيقۇ دورىسىنىڭ تۈرى كۆپ ۋە ھەممىسىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بار، شۇڭا ئۇنى ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك، ئۇيقۇ دورىسىنى ئاددى ھالدا ئادەمنى ياخشى ئۇخلىتىدىغان دورا چاغلاپ خالىغانچە ئىشلەتمەي، دوختۇر رۇخسەت قىلغان ئىشلىتىش تۈرى ۋە مىقدارى بويىچە ئىشلىتىش لازىم.

2)ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر خىل ئۇيقۇ دورىسىنى ئىشلەتكەن ياخشى. ئۇيقۇ دورىسىنىڭ قوشۇمچە تەسىر كۆرسىتىشتىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى ئازايتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئۇيقۇ

دورىسنى بىرلا ۋاقىتتا ئىچمەسلىك لازىم.

3)مىقدارى ئاز بولىشى كېرەك ، ئۇيقۇغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئەھۋالدا ، ئەڭ ياخشىسى مىقدارى ئازنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

4)دورا ئىچىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندە تۈرىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك ، بۇنداق قىلغاندا ھەم ئۇيقۇ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى ھەم ئۇيقۇ دورىسى پەيدا قىلىدىغان دورىغا بولغان چىدامچانلىق ۋە تايىنىشچانلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، چوڭ مېڭە پوستىلىقى يۈكسەك دەرىجىدە ھاياجانلانغان ئەھۋالدا، دەرھال ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچمەسلىك كېرەك، بولمىسا ئۇخلىتىش رولىنى ئوينىيالا قالماستىن بەلكى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدۇ. كېچىسى ئويغانغاندا يەنە ئۇيقۇ دورىسى ئىچىشكە توغرا كەلسە ، ئەڭ ياخشىسى تېز ۋە قىسقا ئۈنۈملۈك ئۇيقۇ دورىسىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ناۋادا تاڭ ئېتىپ قالغان بولسا ، تىنىچلاندۇرۇش دورىسىنىڭ كۈندۈزى رول ئوينىشى سەۋەبلىك نورمال خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنە ئۇيقۇ دورىسى ئىچمەسلىك كېرەك.

5)پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان قوشۇمچە تەسىرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىش كېرەك. جىگەر ۋە بۆرەك ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلار ياكى ئەقلى ئىقتىدارى ئاجىزلار ئۇيقۇ دورىسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىشى ، ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكۈچىلەر جىگەر ۋە بۆرەك ئىقتىدارىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى كېرەك.

6)دورىنى بىراقلا توختىتىۋەتمەسلىك كېرەك. دورا تاشلاش يىغىندى ئالامىتى كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇيقۇ دورىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەنلەر ئۇنىڭ مىقدارىنى تەدرىجى ئازايىتىپ ، ئاندىن ئىشلىتىشنى توختىتىشى كېرەك.

7)ھاراق ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئىسپىرت ئۇيقۇ دورىسىنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، شۇڭا، ئۇيقۇ دورىسى ئىچكەندە ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك.

## 39. باللارغا دورا ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

باللار ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە نېرۋا سىستېمىسى، ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئەزاسى تېخى مۇكەممەل يېتىلمىگەن، جىگەر ۋە بۆرىكىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش ئىقتىدارى شۇنىڭدەك مىگە قان توسقىنىڭ رولىمۇ مۇكەممەللەشمىگەن بولىدۇ. شۇڭا، دورىنى چۇقۇم ۋىراچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلىتىش، بولۇپمۇ مۇنۇ تۆت ئىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك:

بىرىنچى، ۋىتامىنلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ۋىتامىن يېسە پايدىسى بار، زىيىنى يوق دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇنى كۆپ يېيىش ياخشى ئەمەس، مەسىلەن: ۋىتامىنAۋەB لەرنى كۆپ يېسە ئىشتىھاسى تۇتۇلىدىغان، قىزىيدىغان، بىئارام بولىدىغان، يىغلاپ جېدەل قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، جىگىرى يوغىناپ كېتىدۇ شۇنىڭدەك بۆرىكى زەخىملىنىدۇ. ۋىتامىنC نىڭ پايدىسى جىق، لېكىن ئۇنى كۆپ يېسىمۇ قورسقى ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش شۇنىڭدەك دورىدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچى، ئانتىبىئوتىنلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بالا ئاغرىپ قېلىشى ھامان ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن كارى بولماستىن خلورومىتسىن، ستىرپېتومىتسىن ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ستىرپېتومىتسىن، نىئومىتسىن(شىيمىيسۇ)، گېنتامىتسىن(چىڭدامىيسۇ)، كانامىتسىن(كانامىيسۇ) قاتارلىق ئانتىبىئوتىنلار ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلسە، ئاڭلاش نېرۋىسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، بېشى قېيىش، قۇلىقى غۇڭۇلداش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ھەتتا گاس بولۇپ قالىدۇ. خلورومىتسىن ئىشلىتىلسە، قايتا ئىشلىنىش توسالغۇغا ئۇچراپ قان ئازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. سەككىز ياشتىن كىچىك باللار ؛بولۇپمۇ بوۋاقلار تېتراتسكلىن(سىخۇەنسۇ)، تېررامىتسىن ئىچسە، چىشنى ئاسان سارغايتىۋېتىدۇ ھەمدە چىش ئېمالىنى ياخشى يېتىلدۈرمەيدۇ، شۇڭا، باللارغا ئۇنى

ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

ئۈچىنچى،قىزىتما قايتۇرۇپ ئاغرىق توختاتقۇچى دورىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. باللار قىزىتمىسىنىڭ سەۋەبى تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا بەلكىم زۇكام، بادام بەز ياللۇغى ۋە قىزىل، ئۆپكە ياللۇغى، مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەر سەۋەب بولىشىمۇ مۇمكىن. كېسەل سەۋەبى تېپىلماي تۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدىغان دورىلار كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىلسە كېسەللىك ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ قېلىپ، توغرا دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ بوۋاق بەك قىزىپ كەتكەندە قىزىتمىنى قايتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىدىغان دورا نامۇۋاپىق ئىشلىتىلسە، بوۋاقنى كۆپ تەرلىتىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىراقلا تۆۋەنلىتىۋېتىش سەۋەبلىك دەرمانسىزلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، ب تۈرىدىكى شار ئاقسىللارنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بەزى ب تۈرىدىكى شار ئاقسىل ئاساسلىقى قىزىل، ئا تىپلىق جىگەر ياللۇغى، گۆرەن بېزى ياللۇغى ۋە يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئۈنۈمى ئىشەنچلىك ئەمەس. ب تۈرىدىكى شار ئاقسىل ئادەم قېنى ۋە باليالتقۇ قېنىدىن ياسىلىدىغان بولغاچقا، كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىلسە قوشۇمچە تەسىر پەيدا قىلىپ يەلتاشما ئۆرلىتىۋېتىشى مۇمكىن. ۋەھاكازالار. شۇڭا،ئۇنى قۇۋۋەت دورىسى ھېسابىدا كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**40.باللارغا نىمە ئۈچۈن چوڭلار دورىسىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؟**

باللارغا چوڭلارنىڭ دورىسىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، باللارنىڭ قىزىپ قېلىشىدا سەۋەب تولا، بالىغا سەۋەبنى ئايدىڭلاشتۇرمايلا، چوڭلار ئىچىدىغان ئاسپىرىن ئىچكۈزۈلسە، كېسەلگە ئاسانلا دەخلى يەتكۈزىدۇ ياكى كېسەللىك ئالامىتىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ بالىدا كۆڭلى ئېلىنىش، قۇسۇش، ئىشتىھاسى

تۇتۇلۇشتەك ناچار رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، دورىنى ئەڭ ياخشىسى دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

بالىلارنىڭ دورا ئىشلىتىش مىقدارى بىلەن چوڭلارنىڭ دورا ئىشلىتىش مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، ئۇنىڭ بەزىسى ئاددى ھالدا بەدەن ئېغىرلىقىغا ئاساسەن ھېسابلانغان بولماستىن بەلكى بالىلارنىڭ فىزئولوگىيىلىك ئىقتىدارى شۇنىڭدەك دورىغا بولغان سەزگۈرلۈكىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن بولغاچقا، مىقدارى ئاز بولۇپ قالسا داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىشى، بەك كۆپ بولۇپ كەتسە زەھەرلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قارىغۇلارچە دورا ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. دورىلارنىڭ بەزىسى مەسىلەن: تېتراتسىكلىن، تېررامىتسىن، دوكسىتلىن(چياڭلىمىيسۇ) قاتارلىق ئانتىبىئوتىك دورىلار چوڭلارغىلا باب كېلىدۇ، يەتتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بولمىسا ئۇستىخان ۋە چىشنى زەخىملەندۈرۈپ، « تېتراتسىكلىن چىش» پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئېرىترومىتسىن (خۇڭمىيسۇ)، مىدىكە مىتسىن(مەيدىمىيسۇ) ئاشقازاندا ئاسانلا ئاشقازان كىسلاتاسى تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، داۋالاش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولغاچقا، تېگىشلىك داۋالاش ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

### 41.قايسى دورىلار بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؟

سېترېپتومىتسىن، كانامىتسىن، گېنتامىتسىن قاتارلىقلار بالىلارنىڭ ئاڭلاش نېرۋىسىنى زەخىملەندۈرۈپ، قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويۇشى، پولىمىكسىن (دونيەنجۈسۇ)، نورئادرېنىلىن(چۈجياشېنشاڭشيەنسۇ) بالىلارنىڭ بۆرىكىنى زەخىملەندۈرۈشى؛ مېتوكلوپرامىد(ۋېيفۇئەن) بالىلارنىڭ بەزىسىنىڭ مېڭىسىنى زەخىملەندۈرۈشى؛ تېتراتسىكلىن، نوفلوككىسىن(فۇپەيسۇەن) قاتارلىق دورىلار بالىلارنىڭ چىشى ۋە ئۇستىخىنىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزۈشى؛ خلوروفىنول (گەنماۋتۇڭ) بالىلاردا قان سىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى؛ نافتازولىن(نەيجيازولىن) بالىلاردا زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىشى مۇمكىن، ۋەھاكازالار. شۇڭا، بالىلارغا ئىشلىتىدىغان دورا تاللىغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

**42.قان بېسىمى يۇقىرى بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟**

قان بېسىمى يۇقىرى دەپ دىئاگنوز قويۇلغان ھامان مۇۋاپىق، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك دورا يەپ داۋالىنىش كېرەك. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بەش ئىش بار:

1)دورىنى بىراقلا توختاتماسلىق كېرەك. قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان دورىنى ئۇزاق مۇددەت ئىچكەن بىمار دورىنىڭ مىقدارىنى بىراقلا ئازايتىۋەتسە ياكى ئۇنى ئىچىشنى توختىتىپ قويسا،قان بېسىمنى قاڭقىتىش سەۋەبلىك بىر قاتار ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋال بېسىم تۆۋەنلەتكۈچى دورىنى توختىتىش ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى قان بېسىمى تۇيۇقسىز تېز ئۆرلەپ كېتىش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش، تەرلەش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ؛ بەزىدە قان بېسىمنىڭ تېز ئۆرلىشى سەۋەبلىك يۈرەك قان تومۇرلىرى قىسقىراش، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى ياكى مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ئەگىشىپ پەيدا بولۇپ، ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇزاق مۇددەت دورا ئىچىش نەتىجىسىدە ئورگانىزىملاردا دورىغا چىدامچانلىق ۋە تايىنىشچانلىق پەيدا بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، دورا بىراقلا توختىتىلغاندىن كېيىن رېفلېكسلىق ھادىسە يۈز بېرىپ، قان بېسىمنىڭ قاڭقىپ ئۆرلىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

2)بېسىمنى تېز تۆۋەنلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. قان بېسىمى بەك تېز ۋە بەك تۆۋەن چۈشۈپ كەتسە مېڭە، يۈرەك، بۆرەكنىڭ قان تەمىناتى ئازىيىپ كېتىش سەۋەبلىك يۈرەك مۇجۇپ ئاغرىش، بۆرەك ئىقتىدارى زەئىپلىشىش، قان يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك سەكتە قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، دورىنى قەتئىي تۈردە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىچىش كېرەك. مىقدارىنى خالىغانچە كۆپەيتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

3)قەرەلسىز دورا ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. قان بېسىمى يۇقىرى بىمارنىڭ قان بېسىمى

ھەركۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7دىن9غىچە، چۈشتىن كېيىن سائەت 3تىن 6گىچە ئەڭ يۇقىرى، كېچىسى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر كۈندە ئۈچ قېتىم دورا ئىچىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى قان بېسىمىنىڭ تەبىئى دولقۇنلىنىششى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدىغان بۇ ئىككى ۋاقىتتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئىچكەندە قان بېسىمىنىڭ ئۆرلىششىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. قان بېسىمى يېنىك دەرىجىدە يۇقىرىلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن دورا ئىچمەسلىكى كېرەك. قان بېسىمى ئوتتۇرھال، ئېغىر دەرىجىدە يۇقىرى بىمارلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن كۈندۈزى ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىلا، يەنە كېلىپ ئۇخلاشتىن3ـ4سائەت بۇرۇن ئىچىشى كېرەك.

4)قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك. قاندىكى ماينىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش دورىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن ياكى ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئىنكاس قىلىدىغان مۇھىم تەرتىپ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئالتە ھەپتە داۋالانغاندىن كېيىن قاندىكى ماي يۇقىرىلىمىغان بولسا، بۇ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش دورىسىنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكى ۋە مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئۇنى داۋاملىق ئىچىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا، باشقا دورىنى ئالماشتۇرۇپ ئىچىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدىكەن.

5)دورىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بېسىم تۆۋەنلىتىش دورىسىنىڭ تۈرى كۆپ، تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورنى ۋە ئۈنۈمى پەرقلىنىدۇ، قوشۇمچە تەسىرى، ماس كېلىدىغان كېسەللىك ۋە پەرھىزى ئوخشمايدۇ. شۇڭا، قايسى دورىنى ئىشلىتىش مەسلىسىدە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسگە ئەمەل قىلىش، دورىنى تاللىماي قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**43.جىگەر ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

دورىنىڭ تولىسى جىگەرنىڭ ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزىدۇ ياكى ئۇنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا جىگەر ئىقتىدارى زىيانغا ئۇچرىغانلارنى داۋالاشتا بارىتال(بابىيتو) تۈرىدىكى تىنىچلاندۇرۇش دورىسى، خلورپرومازىن(لۈبىڭچىن)، فىنتوئىن ناترىي(بىنتويىڭنا)، ئىندومىتاتسىن(شياۋيەنتۇڭ)، ئىزونىئازىد(يىيەنجىڭ)، رىفامپىن (لىفۇپىڭ)، پرازىن ئامىد(بىيچىن شيەنئەن)، مېتىل تېستوستېرون (جياجىگاۋۋەنتۇڭ) شۇنىڭدەك ئۆسمىگە قارشى بەزى دورا قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. جىگەر ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىمارلار جىگەرنىڭ زەخمىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان دورىلارنى ئىچىشتىن ساقلىنىشى،باشقا دورىلارنى ئىچكەندىمۇ دورا چۈشەندۈرۈشىدە بەلگىلەنگەن ئىچىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك. دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە يەنە جىگەر ئىقتىدارىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇش، جىگەر ئىقتىدارىدا غەيرىيلىك سېزىلگەن ھامان ئۇنى ئىشلىتىشنى توختىتىش ياكى باشقا دورىنى ئىشلىتىش، تەپسىلى ئەھۋالنى دوختۇردىن سوراش كېرەك.

**44. بۆرەك ئىقتىدارى ياخشى بولمىغان بىمارلار دورا ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

دورىلارنىڭ تولىسى مەسلەن: بارىتال تۈرىدىكى تىنىچلاندۇرۇش دورىسى، سالتىك كىسلاتا(شۈيياڭسۇەن) تۈرىدىكى قىزىتمىنى پەسەيتىپ ئاغرىق توختاتقۇچى دورا سېتربېپتومىتسىن، كانامىتسىن، گېنتامىتسىن، ئىزونىئازىد قاتارلىقلار بۆرەكنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. زادى قايسى دورا بۆرەكنىڭ زەخمىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭدا دورا چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئوقۇش ياكى تىببى خادىملاردىن مەسلىھەت سوراش، ئىشلەتكەندە چوقۇم دورا چۈشەندۈرۈشىدىكى ئۇسۇل ۋە مىقدارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**45.ياشانغانلار دورا ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

1)ئاۋۋال يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاش،ئاندىن دورا ئىشلىتىش كېرەك. كونىلاردا

«دورىنىڭ ئۈچ ئۆلۈشى زەھەر» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالىسا بولىدىغانلىقىنى ئاۋۋال يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بىر ئەجىردىن قوش ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: زەنجىۋىل چىلانغان قارا شېكەر سۈيى سوغۇق زۇكامغا شىپا بولىدۇ. يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاپمۇ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن بولسا فىزىكىلىق داۋالاش، ئۇۋۇلاش، يىڭنە قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى ئويلىشىش ئاخىرىدا ئاندىن دورا بىلەن داۋالاشنى تاللاش كېرەك.

2)ئاۋۋال جۇڭيى دورىسىنى، ئاندىن غەرب دورىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. جۇڭيى دورىسىنىڭ تولىسى تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە تەۋە بولغاچقا، ئۇنىڭ زەھەرلىك ۋە قوشۇمچە تەسىرى ئادەتتە غەرب دورىسىنىڭكىدىن ئاز بولىدۇ. ياشانغانلار كېسىلىنىڭ تولىسى سوزۇلما كېسەل ياكى كونا كېسەل بولغاچقا، غەرب دورىسىنى ئىشلەتكەندە ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئۈنۈم بەرگەن بولمىسىلا، ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال جۇڭيى دورىسى ئارقىلىق داۋالاش كېرەك.

3)ئاۋۋال سىرتتىن دورا قىلىش، ئاندىن ئوكۇل ئۇردۇرۇش كېرەك. دورىنىڭ ئورگانىزمنى زەھەرلىشى ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، سىرتتىن دورا ئىشلىتىپ داۋالاشقا بولىدىغان تېرە كېسەللىكى، چىش ياللۇغى، تولغىشىپ زەخىملىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئاۋۋال سىرتتىن دورا سۈرۈپ زەھەر قايتۇرۇش ۋە ئىششىق ياندۇرۇش، ياخشىسى ياللۇغ قايتۇرۇش دورىسى ئىچمەسلىك كېرەك.

4)ئاۋۋال دورا ئىچىش، ئاندىن ئوكۇل ئۇردۇرۇش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ بەزىسى ئوكۇل ئۇرسا كېسەل تېز ساقىيىدۇ دەپ قاراپ، ئاغرىپ قالسىلا ئوكۇل ئۇردۇرۇشنى ئويلايدۇ، ئىش ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئوكۇلدىكى دورا قان ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىپ، ئاخىرىدا يۈرەككە بېرىپ، يۈرەك قان تومۇرىنىڭ دىۋارىغا ۋە يۈرەككە بىۋاستە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، كېسەلنى دورا ئىچىش ئارقىلىق يېنىكلەتكىلى بولسىلا، ئوكۇل

ئۇردۇرۇش ھاجەتسىز.

5)ئاۋۋال كونا دورىنى ئاندىن يېڭى دورىنى ئىشلىتىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭى ۋە ئالاھىدە دورىلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دورىلارنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئۆزگىچە شىپالىق ئۈنۈمى بار. لېكىن، ئىشلىتىش ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ كەمچىلىكى ۋە زەھەرلىك قوشۇمچە تەسىرىنى بۇلۇپمۇ كەلگۈسى قوشۇمچە تەسىرىنى تېخى بىلىپ بولالمىدى، ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي شاللىنىپ كېتىدىغان يېڭى دورا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ  شۇڭا ،ئوتتۇرا ياشلار ۋە ياشانغانلار ئاغرىپ قالغاندا ئەڭ ياخشىسى كلىنىكىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن تەييار جۇڭيى ۋە غەرب دورىلىرىنى ئىشلىتىشى، يېڭى دورا ۋە ئالاھىدە دورىلارنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئېھتىيات قىلىشى، ئىمپورت قىلىنغان دورىلاردىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

### 46.ھامىلدار ئاياللار دورا ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

دورىنىڭ تولىسى ھامىلىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. مەسىلەن: بارىبىتال تۇرىدىكى ئۇيقۇ دورىسى، نابارىبىتال تۇرىدىكى دېئازېپام (ئەندىك)، مېپروبامات(ئەنىنىڭ) ،لىبرئۇم(لىمىەنىنىڭ). بېسىمنى تۆۋەنلىتىپ سۇيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش دورىسى ماگنىي سۇلفات (لىۇسۇەنمىي)، مانىنتول(گەنلۇچۈەن)، سۈيدۈكنى تېزلىتىپ، قىزىتمىنى قايتۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدىغان دورا ئاسپىرىن قاتارلىقلار.

ھامىلدار ئاياللار دورا ئىشلەتكەندە ئۆزى دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەنلا قالماستىن بەلكى دورىنىڭ تولىسى بالىياتقۇ ئارقىلىق ھامىلىنىڭ تېنىگە كىرىپ، ھامىلىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ھامىلدار ئايالنىڭ كېسەلگە دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە چوقۇم تىببى خادىملارنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاپ، ئەستايىدىل تاللاپ، ئۇنى قەتئىي تۇردە بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە

مقدارى بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

**47.تېمىتىدىغان ۋە كومىلاچ دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

تېمىتىش ۋە كومىلاچ دورىلىرى بىرخىل يېڭى جۇڭيى دورىسى بولۇپ، تاشقى كۆرۈنىشىدىن بىر خىل قاتتىق جىسىم. ئاساسىي ماددىنىڭ بەدەن سويۇقلۇقىدا ئېرىشىگە ئەگىشىپ، دورا مالېكۇلا ۋە كىچىك دانچە ئارقىلىق تېز قويۇپ بېرىلىپ، ئادەم بەدىنىدە تېزدىن تولۇق قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى، تېز مەنپەت قىلىدۇ. ئاساسلىقى ئىچىلىدۇ. سىرتىغا ۋە دائىرىلىك ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تۆز ئۈچەي ۋە جىنسى يولى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

تېمىتىش ۋە كومىلاچ دورىسى ئادەتتە كېسەللىك ئەھۋالى جىددى ئېغىرلاشقانلارغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تاجىسمان يۈرەك كېسىلى، يۈرەك سانجىقى، يۆتەل، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

تېمىتىش ۋە كومىلاچ دورىسىنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1)دورىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلى كۆرۈش، دورا مىقدارىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

2)دورىنى ئازراق ئىلمان قايناقسۇ بىلەن ئىچىش ياكى بىۋاستە تىلنىڭ ئاستىغا سېلىش كېرەك.

3)دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئازراق ئارام ئېلىش لازىم. ئادەتتە 10 مىنۇت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ.

4)تېمىتىش ۋە كومىلاچ دورىنى ئىسسىق ئۆتمەيدىغان يەردە ساقلاش لازىم.

**48.كۆپۈكلىشىپ ئېرىيدىغان تابلېت دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟**

كۆپۈكلىشىپ ئېرىيدىغان تابلېتكا دېگىنىمىز دورا بىلەن قوشۇمچە ماتېرىيالدىن تەييارلانغان تابلېت دورىلارنى كۆرسىتىدۇ. سۇدا ئېرىگەندىن كېيىن زور مىقداردىكى

كاربون(IV)ئوكسىد پەيدا بولۇپ كۆپۈكلىشىش ھالىتىگە كېلىدۇ. تابلېت ئېرىگەندىن كېيىن چۈچۈمەل ھالەتكە كېلىپ ئاسان ئىچكىلى بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئېرىيدىغان تابلېت دورىلاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كۆپۈكلىشىدىغان ۋىتامىنC تابلېتى قاتارلىقلار.

كۆپۈكلىشىدىغان تابلېت دورىلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

1) ئادەتتە100-150مىللىلىتىر سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ ياكى ئىلمان سۇغا چىلاپ، پۈتۈنلەي ئېرىپ بولغاندىن ياكى كۆپۈك تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىچىش كېرەك.

2) باللار ئۆزى خالىغانچە ئىچمەسلىكى كېرەك. بىۋاستە ئىچىشكە ياكى ئېغىزدا شوراشقا بولمايدۇ.

3) دورا سويۇقلۇقىدا ئېرىمەيدىغان، توزغاقسىمان نەرسىلەر بولسا، تېگىدە چۆكمە پەيدا بولۇۋالسا ئىچمەسلىك كېرەك.

4) بۇنداق دورىلارنى ھەم ساقلاش، ئىسسىق ۋە ھۆل جايدا قويماسلىق كېرەك.

**49. چايناپ يېيىدىغان تابلېت دورىلارنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟**

چايناپ يېيىدىغان تابلېت دورا دېگىنىمىز- ئېغىزدا چاينىغاندىن كېيىن ئاشقازان- ئۈچەيدە پۈتۈن بەدەنگە تەسىر قىلىدىغان تابلېت دورىلارنى كۆرسىتىدۇ. چايناپ يېيىدىغان تابلېت دورىلاردىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى ۋىتامىن تۈرىدىكى ۋە قىزىتما ياندۇرۇش دورىسى قاتارلىق تابلېت دورىلار ياكى ئاشقازان كېسىلىنى داۋالايدىغان ئاليۇمىن ھىدروكسىد قاتارلىق چايناپ يېيىدىغان تابلېت دورىلىرى تېز پارچىلىنىپ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

1) بۇخىل دورىلارنى ئىچكەندە ئېغىزدا چايناش ۋاقتى بىر قەدەر تېز بولىدۇ. ئادەتتە5-6مىنۇت چايناش كېرەك. مەسىلەن: مۇرەككەپ رىتسىپلىق گاستروپىن، ئاليۇمىن ھىدروكسىد تابلېتى چايناپ ئەزگەندىن كېيىن، ئاشقازانغا كىرىپ ئاشقازان دىۋارىدا بىر قەۋەت قوغداش پەردىسى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشقازان ئىچىدىكى ئېرىمە ماددىلارنىڭ ئاشقازان دىۋارىدىكى يارىنى غىدىقلىشى يەڭگىللەيدۇ؛ مەسىلەن: يېئاست

تابلىتىنىڭ تەركىبىدە شىلىمشىق ماددىلار بىر قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، چايناپ ئەزمىگەندە ئاشقازاندا يېپىشقاق مۇنەكچە پەيدا بولۇپ، دورىنىڭ شىپالىق رولىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

2) دورىنى چاينىغاندىن كېيىن ئازراق ئىلمان سۇ ئىچىش لازىم .

3) ئىچكەندىن كېيىن ئاشقازان ئېچىشسا، تاماقتىن كېيىن 1 ـ 2سائەتتىن كېيىن ئىچىش كېرەك.

**50. مەلھەم (ياكى سۈتسىمان مەلھەم) دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

مەلھەم دورا دىگىنىمىز ـ دورا بىلەن ئاساسىي ماددىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ، سۈتسىمان مەلھەم قىراۋسىمان دورا دەپ ئاتىلىدۇ.

بەدەن سىرتىغا ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم دورىنى ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

1) مەلھەم دورىنى سۈرۈشتىن ئىلگىرى تېرىنى پاكىز يۇيۇش كېرەك.

2) زەخىملەنگەن، جاراھەتلەنگەن، سېرىق سۇ تەپچىرەپ چىققان ئورۇنغا سۈرمەسلىك كېرەك. ئەگەر جىددى خاراكتېرلىك ھۆل تەمرەتكە بولسا، تەپچىرەپ چىققان مەزگىلدە ھۆل كومپىرىس ـ نەملىك ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللانسا، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر مەلھەم ئىشلىتىلسە يالللۇغ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

3) ئەگەر مەلھەم ئىشلەتكەن جايدا كۆيۈك يارىسى بولسا ياكى قىچىشىش، ئىششىش، ئەسۋە ـ تاشما پەيدا بولۇش قاتارلىق رېئاكسىيە كۆرۈلسە دورىنى دەرھال توختىتىش ھەمدە شۇ دائىرىدىكى دورىنى پاكىز يۇيۇۋېتىش كېرەك.

4) بىر قىسىم دورىلارنى(ئورىيا) سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تېڭىپ قويسا مۇگگۈزلەشكەن قەۋەتنىڭ سۇ تەركىبىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سۇ تەركىبى %15 دىن % 50 گىچە ئېشىپ، ھەم دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئاشۇرىدۇ ھەم داۋالاش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى

بولىدۇ.

5) مەلھەم دورىنى سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يېنىك ئۇۋۇلاپ بەرسە داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

6) مەلھەم دورىنى ئېغىز بوشلۇقى، كۆز بېرىكتۈرگۈچى پەردىسى قاتارلىق جايلارغا سۈرمەسلىك كېرەك.

**51.كۆزگە تېمىتىدىغان دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

كۆزگە تېمىتىدىغان دورا دېگىنىمىز- دورا ماتېرىياللىرىدىن ياسالغان كۆزگە تېمىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان باكتېرىيە ئۆلتۈرىدىغان سۇيۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

1)كۆزگە تېمىتىش دورىسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك، يېتىش ياكى ئولتۇرۇش ھالىتى مۇۋاپىق بولۇش، باشنى سەل ئارقىغا قىلىش، سول قولىغا ئازراق پاختا ئېلىپ تۆۋەنكى قاپاققا تەگكۈزۈپ يېنىك سۈرتۈپ، ئاندىن تۆۋەنكى قاپاقنى پەسكە ئۆرۈپ، ئوڭ قول بىلەن كۆزگە تېمىتىدىغان دورىنى تۆۋەنكى قاپاقنىڭ بېرىكتۈرگۈچى پەردە خالتىسى ئىچىگە تېمىتقاندىن كېيىن ئۈستۈنكى قاپاق بىلەن كۆز ئالمىسىنى ئېتىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا دورا سويۇقلۇقى بېرىكتۈرگۈچى پەردە خالتىسى ئىچىگە تولۇق بارىدۇ.

2)قۇرۇق پاختا بىلەن كۆزدىن چىقىپ كەتكەن سويۇقلۇقنى سۈرتىۋېتىپ، كۆزنى يۇمۇپ 1-2مىنۇت ئارام ئېلىش كېرەك.

3)دورا ئىشلەتكەندە ئالدى بىلەن دورىنىڭ نامىنى، قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ئېنىق تونۇش، بولۇپمۇ قارىچۇق كېڭەيتكۈچى ۋە قارىچۇق تارايتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئېھتىياتچان بولۇش دورا سۇيۇقلۇقنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى، رەڭگىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر غەيرى نەرسىلەر بولۇپ دۇغلىشىپ كەتكەن بولسا ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

سۇلياۋ قۇتىغا قاچىلانغان ئاغزى ئېچىلمىغان كۆز دورىسى بولسا قۇتىنىڭ ئاغزىنى

ئىسپىرتلانغان پاختا بىلەن سۈرتۈلگەن قايچا بىلەن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، مىكروپىلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر تېمىتىدىغان كۆز سويۇقلۇقى ـ ئاربلاشما دورا بولسا تېمىتىشتىن بۇرۇن تەۋرىتىپ ئېلىشتۇرۇش كېرەك.

4)دورا تېمىتقاندا، كۆز بىلەن بولغان ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. قاپاق بىلەن بولغان ئارىلىق 2 ـ 3مىللىمېتىر بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، مىكروبلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تېمىتىش نەيچىسىنىڭ ئۇچىنى قاپاق ياكى كىرپىككە تەككۈزمەسلىك كېرەك.

5)تېمىتىش دورىسىنى ئادەتتە ئالدى بىلەن ئوڭ كۆزگە ئاندىن سول كۆزگە تېمىتىش كېرەك. مەسىلەن: كىرىشمە يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەگەر سول كۆزنىڭ كېسلى بىر قەدەر يەڭگىل بولسا، ئالدى بىلەن سول كۆزگە ئاندىن ئوڭ كۆزگە تېمىتىش لازىم. نۇرغۇن دورىنى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە بەلگىلىك ئىلگىرى ـ كېيىنلىك ئارىلىقى قالدۇرۇش كېرەك.

6)تېمىتىدىغان دورا بىلەن مەلھەم دورىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ئالدى بىلەن تېمىتىش دورىسىنى ئاندىن كېيىن مەلھەم دورىنى ئىشلىتىش كېرەك.

**52. كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم دورىسىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان مەلھەم دورا دىگىنىمىز ـ باكتېرىيىسىز ھالەتتە باكتېرىيە ئۆلتۈرىدىغان دورا بىلەن مەلھەم ئاساسىي ماددىسى ئوخشاش تەڭشەپ ياسالغان كۆزگە ئىشلىتىدىغان مەلھەمنى كۆرسىتىدۇ.

مەلھەم دورىسىنى ئىشلەتكەندە، تۆۋەندىكى قەدەم باسقۇچ بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك.

1) ئىككى قولنى پاكىز يۇيۇپ، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان قايچا بىلەن كۆز مەلھىمىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىش لازىم.

2) باشنى ئارقىغا قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ، كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن تۆۋەنكى قاپاقنى

يىنىڭ ئۆزۈش كېرەك.

3) كۆز مەلھىمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىنى سىقىپ مەلھەمنى 1 مىللىلىتىر ئەتراپىدا چىقىرىپ تۆۋەنكى قاپاق خالتىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ(ئەگەر كۆز مەلھىمى قۇتىغا قاچىلانغان بولسا، مەلھەمنى ئەينەك تاياقچىغا سۈۋاپ تۆۋەنكى قاپاقنىڭ ئىچىگە سۈرۈش كېرەك) 2-3مىنۇت يىنىك ئۇۋۇلاپ بەرگەندىن كېيىن داۋالاش ئۈنۈمى ئاشىدۇ. لېكىن مەلھەم دورىسىنىڭ ئۇچىنى كۆز ياكى قاپاققا بىۋاستە تەگكۈزمەسلىك كېرەك.

4) كۆزنى بىر قانچە قېتىم چىمچىقلىتىپ مەلھەمنى كۆز ئىچىگە تولۇق يەتكۈزگەندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ 2مىنۇت ئەتراپىدا ئارام ئېلىش كېرەك.

5) ياغسىزلاندۇرۇلغان پاختا بىلەن مەلھەم نەيچە سىرتىدىكى قالدۇق مەلھەمنى سۈرتىۋېتىپ ئاغزىنى ئېتىۋېتىش لازىم.

6) ئاغزى كۆپ قېتىم ئېچىلغان ۋە ئۇدا ئىشلەتكەن ۋاقتى 1ئايدىن ئېشىپ كەتكەن كۆز مەلھىمىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

**53.قۇلاققا تېمىتىدىغان دورىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

قۇلاققا تېمىتىش دورىسى قۇلاق بوشلۇقى ئىچىگە تېمىتىلىدىغان سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا بولۇپ، ئاساسلىقى قۇلاق ياللۇغلىنىش ياكى قۇلاق ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر گاس بولسا ياكى قۇلاق ئېتىلىپ قالسا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەنلەرمۇ تېمىتىش دورىسى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

1) قۇلاققا تېمىتىش دورىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى قول بىلەن ئىسسىتىپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك.

2) باشنى سەل يانتۇ قىلىش، ئاغرىغان قۇلاقنى ئۈستۈنگە قىلىپ، قۇلاق يۇمشىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەڭگىل ھالدا قۇلاق ئىچىگە تېمىتىش، ئادەتتە بىر قېتىمدا 5-10 تېمىم

تېمىتىش، بىر كۈندە 2 قېتىم تېمىتىش ياكى دورا چۈشەندۈرۈلمىسىدىكى دورا مىقدارىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

3) دورا تېمىتىپ 5مىنۇتتىن كېيىن يەنە بىر قۇلاققا تېمىتىش كېرەك

4) قۇلاققا تېمىتىپ بولغاندىن كېيىن ئازىراق دورا پاختىنى قۇلاققا تىقىپ قويۇش كېرەك.

5) قۇلاققا تېمىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىقى توختىدىمۇ ياكى كۆيۈشكەندەك سېزىم بېرىۋاتامدۇ- يوق؟ كۆزىتىش كېرەك.

6) ئاغرىغان قۇلاققا 3 كۈن تېمىتقاندىن كېيىنمۇ ئاغرىق يەنىلا پەسەيمىسە، دورا ئىشلىتىشنى توختىتىپ، كەسپى دوختۇر ياكى كەسپى مەسئۇل دوختۇردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك.

**54. بۇرۇنغا تېمىتىش دورىسنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟**

بۇرۇنغا تېمىتىش دورىسى دىگىنىمىز- بۇرۇن بوشلۇقىغا تېمىتىلىدىغان سۇيۇقلۇق دورىنى(جۇڭيى دورىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆرسىتىدۇ.

1) بۇرۇنغا تېمىتىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن نەپەس چىقىرىش.

2) ئۆستەلگە يۆلىنىپ باشنى ئاسمانغا قىلىش ياكى كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىش، مۈرىسىگە بىر ياستۇقنى قويۇپ، بېشىنى ئاسمانغا قىلىش.

3) بۇرۇن تۆشۈكىنى توغرىلاپ، بىر قېتىمدا 2-3 تېمىم تېمىتىش، باللارغا 1-2 تېمىم تېمىتىش، كۈنىگە 3-4 قېتىم ياكى ھەر قېتىم تېمىتقاندا 4-6 سائەت ئارىلىق قالدۇرۇش، تېمىتىش دورىسىنىڭ ئاغزىنى بۇرۇن شىللىق پەردىسى بىلەن ئۇچرىشتۇرماسلىق كېرەك.

4) دورىنى تېمىتىپ بىر مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن تۈز ئولتۇرۇپ، ئېغىز بىلەن نەپەس ئېلىش كېرەك.

5) ئەگەر تېمىتىش سۈيۈقلۇقى ئېغىز بوشلۇقىغا كىرىپ كەتسە دەرھال تۈكۈرىۋېتىش كېرەك.

6) تېمىتىش دورىسىنى كۆپ تېمىتىپ كەتسە ياكى ئىشلىتىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە بۇرۇن توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئۇدا 3 كۈن ئىشلەتكەندىن كېيىنمۇ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانمىسا، كەسپى دوختۇردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك.

7) ئىشلىتىش مىقدارىنى پۇختا ئېگىلەش، زەھەرلەپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەركىبىدە زەھەر بولغان تېمىتىش دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

### 55.جىنسي يول شامچىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

ئاياللار جىنسي يولىنىڭ ئۈستۈنكى ئۈچى بالىياتقۇ بىلەن تۇتىشىدۇ، تۆۋەنكى ئۈچى بالىياتقۇ ئېغىزىدىن باشلىنىپ جىنسي يول ئالدى تەرىپىگىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى18-24 مىللىمىتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كېسەل مەنبەلىك مىكرو ئورگانىزىم ناھايىتى تېزلا ھۇجۇم قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن زەمبۇرۇغلۇق، تامچە قۇرتلۇق ياكى باكتېرىيىلىك جىنسي يول ياللۇغى پەيدا بولىدۇ. جىنسي يول شامچىسى- تاشقى كۆرۈنىشى شار شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇخۇم شەكىللىك ياكى غاز تۇمشۇقى شەكىللىك جىنسي يولغا سېلىنىدىغان بىر خىل قاتتىق جىسىم بولۇپ، ئېغىرلىقى ئادەتتە 3-5گىرام كېلىدۇ، سۇيۇقلىنىش تېمپېراتۇرىسى بەدەن تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلىشىدۇ.

جىنسي يول شامچىسىنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

1) ئىككى قولىنى پاكىز يۇيۇپ، شامچە دورىسىنىڭ سىرتىدىكى ئورالمىنى ئېلىۋېتىش لازىم. ئەگەر شامچە دورا بەك يۇمشاق بولۇپ كەتسە شامچە سىرتقى ئورالمىسى بىلەن بىرلىكتە توڭلاتقۇنىڭ سوغۇق ساقلاشساندۇقىغا ياكى مۇز سۇيىگە بىر ئاز ۋاقىت سېلىپ، قېتىغاندىن كېيىن ئاندىن سىرتىدىكى ئورالمىسىنى ئېلىۋېتىپ پاكىز سۇ ياكى سېلىقلاش

دورىسىنى شامچە دورىنىڭ ئۈچى تەرىپىگە سۈرۈش لازىم.

2) كېسەل كىشى كارىۋاتتا يېتىپ، ئىككى تىزىنى ئېگىپ، چات ئارىلىقىنى(ئەۋرەت) ئوچۇق قويۇپ شامچە دورىنىڭ ئۈچىنى جىنسىي يولى ئىچىگە سېلىش، دورا سېلىنىپ بولغاندىن، كېيىن كېسەل كىشى ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا 20 مىنۇت ئەتراپىدا يېتىش لازىم.

3) دورىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، دورا ئىشلىتىپ 1-2 سائەتكىچە ئىمكانقەدەر كىچىك تەرەت قىلماسلىق.

4) دورىنىڭ تولۇق سۈمۈرۈلىشى ئۈچۈن، دورىنى ئەڭ ياخشىسى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىش ھەمدە تامچە دورىنىڭ ئېرىپ سىرتقا ئېقىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەيز مەزگىلدە دورا ئىشلەتمەسلىك، زىيادە سېزىمچانلىقى بار كىشىلەر دورا ئىشلىشتە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك.

**56. مەقئەت شامچىسىنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟**

مەقئەت شامچىسى- سىرتقى كۆرۈنىشى كونۇسسىمان ياكى تورپېدا شەكىللىك بىر خىل قاتتىق جىسىم بۇلۇپ، سۇيۇقلىنىش تېمپېراتۇرىسى بەدەن تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلىشىدۇ، سالغاندىن كېيىن تېز ئېرىيدۇ، دائىرلىك ۋە پۈتۈن بەدەندىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش رولىغا ئىگە. بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىش لازىم

1) ياز پەسلى ۋە تېمپېراتۇرىسى ئىسسىپ كەتكەن مەزگىلدە شامچە يۇمشاپ كېتىپ ئىشلىتىشكە ئەپسىز بۇلۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىشتىن ئىلگىرى شامچىنى توڭلاتقۇ ياكى مۇز سۈيىگە 10-20 مىنۇت سالغاندىن كېيىن ئاساسىي ماددىسى قاتتىق ھالەتكە كېلىدۇ.

2) شامچىنىڭ سىرتىغا ئورالغان ئاليۇمىن قەغەز ياكى پولىئېتىن پەردىسىنى سۈيۈۋېتىپ، شامچە دورىسىنىڭ ئۈچىغا ئازراق ۋاز بىلەن ئۆسۈملۈك مېيى ياكى ساقلانغان

ماي سۈرۈش لازىم.

3) شامچە دورىسىنى ئىشلەتكەندە كېسەل كىشى يانتۇ يېتىش، پاچاقنى تۈز سۇنۇپ، پۇتنى ئالدىغا ئېگىپ قوشاققا چاپلاش كېرەك. باللارنى چوڭلارنىڭ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇش لازىم.

4) مەقئەتنى ئازادە تۇتۇپ، شامچە دورىسىنىڭ ئۇچى تەرىپىنى مەقئەتكە كىرگۈزۈش ھەمدە بارماق بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىتتىرىش، چوڭقۇرلىقى باللارنىڭ مەقئەت ئېغىزىدىن 2 مىللىمىتىر ئەتراپىدا، چوڭلارنىڭ 3 مىللىمىتىر ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. شامچە دورىسىنىڭ بېسىلىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى پۇتنى يىغىپ يېنىچە ھالەتتە 15 مىنۇت يېتىش لازىم.

5) چوڭ تەرەتنى ئىمكانقەدەر قىسىش، دورا ئىشلىتىپ1 ـ 2 سائەتكىچە چوڭ تەرەت قىلماسلىق كېرەك.

6) شارائىت يار بەرسە، ئاساسي ماددا ئېرىپ سىرتقا چىقىپ كېتىش ۋە يوتقان ـ كۆرپىلەرنى پاسكىنا قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەقئەت ئېغىزىغا ئازراق ياغسىزلاندۇرۇلغان پاختا ياكى تازىلىق قەغىزى تىقىپ قويۇش كېرەك.

**57.قايسى خىل دورىلارنى ئىچكەندە سۇنى كۆپ ئىچىش كېرەك؟**

1)تېئوفىللىن ،ئامىنوفىللىن، خولىنوفىللىن، دىھىدروكسىد، پروپىلتىئوفىللىن قاتارلىق دورىلارنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش رولى بولغانلىقتىن، سۈيدۈك مىقدارى كۆپىيىپ ئاسانلا سۇسىزلىنىپ كېتىدۇ، ئېغىز قۇرۇش، كۆپ يېيىش ياكى يۈرەك سىقىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەمسىقما كېسىلى بارلاردا دائىم قان سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

2)ئۆت ھەيدىگۈچى دورا. ئۆت ھەيدىگۈچى دورا ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆت يولىدىكى قۇمسىمان ئۆت تېشى ۋە ئۆت ئوپېراتسىيىسى

قىلدۇرغاندىن كېيىنكى ئاز مىقداردىكى قالدۇق تاشلارنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ.

3)قوش فوسفونات. قوش فوسفونات كىكىردەكنى غىدىقلايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالون ناتىرىي فوسفۇنات، گىدروكسىد ناتىرىي فوسفۇنات، پروپېئونىڭ ناتىرىي 2 فوسفۇنات قاتارلىقلار يوقىرى كالتسيلىق قان كېسلىنى داۋالىغاندا ئېلېكترولىد قالايمىقانلىشىش ۋە سۇ كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا سويۇقلۇق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش، كۈندىلىك سۈيدۈك مىقدارى 2000 مىللىلىتىردىن يوقىرى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىمار دورا ئىچىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يېتىۋالماي، 30مىنۇت ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇش كېرەك.

4)يەرلىك بۇغۇم ئاغرىقىغا قارشى دورىلار: سۈيدۈك ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدىغان كېسلاتالىق دورا بېنشيۇمالوڭ، بېنېمىد، ئاللوپۇرىنول قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەندە بىر كۈنلۈك سۈيدۈك مىقدارى 2000 مىللىلىتىردىن يوقىرى بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈيدۈك كېسلاتاسىنىڭ سۈيدۈك يولىدا چۆكمە ھاسىل قىلىپ تاشقا ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سۈيدۈكنى ئىشقارلاشتۇرۇش كېرەك.

5)سۈيدۈك ئارقىلىق تاش چۈشۈرۈش دورىسى. جۇڭيى دورا تاش چۈشۈرۈش قايناتمىسى، تاش چۈشۈرۈش سۇيۇقلۇقى ياكى غەربچە دورا شياۋشىسۇ، شياۋشىلىڭ (تاش چۈشۈرۈش دورىسى) قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندە سۇنى كۆپرەك ئىچىش، سۈيدۈك يولىنى تازىلاپ، سۈيدۈك تۇزىنىڭ چۆكمە بولۇۋېلىش پۇرستىنى ئازايتىش ئۈچۈن، كۈندىلىك سۈيدۈك مىقدارىنىڭ 3000 مىللىلىتىر ئەتراپىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

6)سولفونامىدلىق دورىلار. سۈيدۈكنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى يوقىرى بولسا خرۇستالسىمان چۆكمە پەيدا بولۇپ، سۈيدۈك يولى غىدىقلىنىش (ئېچىشىش) ۋە توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، خرۇستال سىيىش، قان سىيىش، ئاغرىش ۋە سۈيدۈك توسۇلۇپ قېلىش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. سۇلفادىئازىن، سۇلفامېتوكسازول ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلىق سۇلفامېتوكسازول (مۇرەككەپ رېتسېپلىق شىننومىن) قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندە سۇنى كۆپ ئىچىش،

خرۇستالنى سۇيدۇك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش كېرەك. سۇيدۇكنى ئىشقارلاشتۇرۇپ خرۇستالنىڭ ئېرىش دەرىجىسنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن، شارائىت يار بەرسە ناترىي ھىدرو كاربوناتنى قوشۇمچە ئىچسىمۇ بولىدۇ.

7) ئامىنو شېكىرى تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلار. ستىرېپتومىتسىن (لىيەنمىيسۇ)، لېنتامىتسىن (چىڭدامىيسۇ)، كانامىتسىن (كانامېيسۇ) بۆرەكنى زەھەرلەيدۇ، ئۈچەيدە ئېرىمىسىمۇ ياكى ناھايىتى ئاز ئېرىسىمۇ، كۆپ قىسمى بۆرەكتە بۆرەك شارچىسى ئارقىلىق سۈزۈلىدۇ، سۇيدۇكنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرلاپ كېتىدۇ، قويۇقلۇق دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا بۆرەك نەيچىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ، سۇنى كۆپ ئىچىپ بەرگەندە دورىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**58.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە ھاراق ئىچىشكە بولمايدۇ؟**

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاق ھاراقمۇ بىرخىل دورا ھېسابلىنىدۇ، ھاراق ئىچكەندىن كىيىن ئالدى بىلەن ئادەم بەدىنىدە تېتىكلەشتۈرۈش ۋە روھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزىي نېرۋىنى تورمۇزلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ ھەمدە قان تومۇرلانى كېڭەيتىدۇ، جىگەر فېرمىنتىنىڭ ئالمىشىش سېستىمىسىنى قوزغىتىدۇ ياكى تورمۇزلايدۇ. ئومومىي جەھەتتىن ئېيتقاندا دورا بىلەن ھاراقنىڭ ئۆز ئارا رولى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئىككىنچىدىن، دورىنىڭ ناچار رىئاكسىيىسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

1) يەللىك بوغۇم ئاغرىقىغا قارشى دورىلار. ئاللوپۇرىنول(بىئېپياۋچۈن)نى ئىچكەندە تۆپىلەپ ھاراق ئىچسە دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، سۇيدۇك كېسلاتاسى ھاسىل بۇلۇشنى تورمۇزلاش رولىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2) تۇتقاقلىققا قارشى دورىلار. فىنتوئىن ناترىينى ئىچىپ ھاراق ئىچسە،دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تېز يوقىتىۋېتىدۇ، داۋالاش رولى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ، كېسەل قوزغالسا

ئاسانلىقچە تېزگىنلىگىلى بولمايدۇ.

3) قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدىغان دورا. رېزېرپىن(لىشيۆپىڭ)، مۇرەككەپ رېتسىپلىق رېزېرپىن، مۇرەككەپ رېتسىپلىق شۇاڭجىڭچۇچېن قاتارلىقلارنى ئىچكەندە ھاراق ئىچسە قان بېسىمىنى چۈشۈرمەيلا قالماستىن بەلكى قان بېسىمىنى تېزدىن ئۆرلىتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يوقىرى قان بېسىملىق مېڭە كېسىلى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4) ئاق ھاراق ۋىتامىنB1، ۋىتامىنB2، نىكوتىن، دىگوكسىن، دىگوكسىنAنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتىۋىتىدۇ.

5) ھاراق تېئوفىللىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، دورىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنى قىسقارتىۋىتىدۇ.

6) تۇتقاقلىققا قارشى دورا تاماسىننى ئىچكەندە ھاراق ئىچمەسلىك كېرەك، چۈنكى كېسەلنىڭ دورىغا بولغان چىدامچانلىقى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**59.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە چاي ئىچىشكە بولمايدۇ؟**

چاي تەركىبىدە زور مىقداردا تاننىك كىسلاتاسى، كوففېيىن، كاتىخۇل، تئوفىللىن بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاننىك كىسلاتاسى كۆپ خىل شەكىلدە تەركىبىدە مېتال بولغان ئىئون دورا، مەسىلەن: كالتسىي(كالتىيسي لاكتات، كالتسىي گلۇكونات)، تۆمۈر (تۆمۈر(II) سۇلفات) ، تۆمۈر(II) سىرت كىسلاتاسى، تۆمۈر(II) كالتسىي گلۇكونات، تۆمۈر(II) كەھرىۋا كىسلاتاسى، كوبالت (كوبالت خلورىد، ۋىتامىن B12) ، بىسموت (لېدۋبي، دىلي)، ئالىيۇمىن(ئالىيۇمىن ھىدروكسىد، گۇڭگۇرتلەشكەن شېكەر ئالىيۇمىن) بىرلىشىپ، چۆكمە ھاسىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق دورىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ.

چاي تەركىبىدىكى تاننىك كېسلاتاسى ئاشقازان ئاقسىل فېرمىنتى، پانكرېئاتىن، كراخمال فېرمىنتى، بىئوفېرمىن تەركىبىدىكى ئاقسىل بىلەن بېرىكىپ فېرمىنت ياكى

پايدىلىق باكتېرىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يوقىتىپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان دورىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. تانىنىك كىسلاتاسى بىلەن تېتراتسىكلىن، ماكرولىتلار تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىن دورىلار ئۆز ئارا بىرىكىپ باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ تېتراتسىكلىن ماكرولىتلار تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىن دورىلارمۇ تېئوفىلىننىڭ ئالمىشىشنى تورمۇزلايدۇ. تېئوفىلىننىڭ زەھىرىنى ئاشۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېلىشىش، ياندۇرۇش قاتارلىق ناچار رېئاكسىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل ئانتىبىئوتىن ئىچكەندە چاي ئىچىشكە بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا تانىنىك كىسلاتاسىمۇ بىئولوگىيىلىك ئىشقار (ئېفىدرىن، ئاتروپىن سۇلفات، كودېئىن، كۈينىن)، گىلىكورىد تۈرىدىكى دىگىتالىس، دىگوكسىن، ئادەمگىياھ، خۇاڭلىن) ئۆز ئارا بىرىكىپ، چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. چاي تەركىبىدىكى كوففېئىن بىلەن ئويغۇغا ياردەم بەرگۈچى دورا(فىنوباربىتال، سېكوباربىتال، زوپىكلون، دىسپەن، شياۋ سىپەن، خلورال ھىدرات)نىڭ رولى ئۆز ئارا قارشىلىشىپ قالىدۇ؛ تۇبېركۇليۇزغا قارشى دورا رىفامپىننى ئىچكەندە چاي ئىچىشكە بولمايدۇ؛ چاي تەركىبىدىكى تېئوفىللىن ئاسپىرىننىڭ ئاغرىق توختىتىش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، قېنىق دەملەنگەن چايدىكى كوففېئىن مەركىزىي نېرۋىنى روھلاندۇرۇپ، يۈرەكنىڭ سوقۇش رېتىمىنى تېزلىتىۋېتىدۇ، يۈرەكنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئاسانلا ئۇيقۇسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يۈرەك سوقۇش رېتىمىنىڭ بىنورمال بولۇشىغا قارشى دورىنىڭ تەسىرى بىلەن زىت.

**60.قانداق بىمارلار ۋە قايسى دورىنى ئىچكەندە قەھۋە ئىچسە بولمايدۇ؟**

1)قەھۋە تەركىبىدە كوففېئىن بولغاچقا، ئادەم بەدىنىنىڭ سەزگۈرلۈك(توغرىلىق) دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ماددا ئالمىشىشى تېزلىشىپ، روھى-ھالەتنى ياخشىلاپ، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن كوففېئىن ئادەم بەدىنىدىكى كالتسىي بىلەن ئاسانلا بىرىكىپ بىرىكمە ماددا ھاسىل قىلىپ، سۈيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ،

شۇڭا ئۇزۇن مۇددەت قەھۋە ئىچسە كالتسىي كەملەش، ئۇستخان شالاڭلىشىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ.

2)قەھۋەنى كۆپ ئىچكەندە ئادەم بەدىنىنى زىيادە روھلاندۇرۇپ، جىددىيلىشىش، ئۇيقۇسىزلىق، يۈرەك سىقىلىش، كۆز قىچىشىش، پۈتۈن بەدەن تىترەش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ؛ قەھۋەنى ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلغانلار بىراقلا توختىتىپ قويسا، چوڭ مېڭە قاتتىق تورمۇزلىنىپ، قان بېسىمى چۈشۈپ كېتىش، باش ئاغرىش، تەلۋىلىشىش، خامۇشلۇق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

3)كوففېئىن ۋىتامىن B1 بىلەن ئاسانلا بىرىكىپ ۋىتامىن B كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4)قەھۋە ئاشقازان سۇيۇقلۇقى بىلەن ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئاشقازان يارىسى بار ياكى ئاشقازان كىسلاتاسى كۆپىيىپ كەتكەن كىشىلەر قەھۋە ئىچمەسلىكى كېرەك.

5)قەھۋە مەركىزىي نېرۋىنى روھلاندۇرىدۇ، بىراق تىنىچلاندۇرۇش دورىسى بىلەن ئۇيقۇغا ياردەم بېرىش دورىسىنىڭ تەسىرىنى ئۆز ئارا چەكلەيدىغان تەرىپىمۇ بار. ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، بىئارام بولىدىغان، قان بېسىمى يوقىرى كىشىلەر قەھۋەنى ئۇزاق مۇددەت ئىچمەسلىكى كېرەك. قەھۋەنى زىيادە كۆپ ئىچكەندە يۇقۇملىنىشقا قارشى دورىلارنىڭ قان پىلازما قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

### 61.قانداق كىشىلەر ئاچچىقسۇ ئىچسە بولمايدۇ؟

ئاچچىقسۇ تەركىبىدە سىركە كىسلاتاسى بار، قويۇقلۇق دەرىجىسى 5% ئەتراپىدا بولۇپ، ئاجىز كىسلاتا ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر تۇزلۇق دورا بىلەن(ناترىي ھىدروكاربونات، كالتسىي كاربونات، ئاليۇمىن ھىدروكسىد، ئېرىترومىتسىن)، نېيترال دورىنى بىرلىكتە ئىچكەندە كىسلاتالىق، ئىشقارلىق نېيتراللىشىش رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى

يوقىتىۋېتىدۇ.

1) سۇلفامىد دورىسىنى ئىچكەندە ئاچچىقسۇ ئىچىشكە بولمايدۇ، ئالدىنقىسىنىڭ كىسلاتالىق شارائىتتا ئېرىش دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، سۈيدۈك يولىدا سۇلفامىد خرۇستالى شەكىللەندۈرۈپ، سۈيدۈك يولىدا غىدىقلىنىش پەيدا قىلىپ، سۈيدۈك توسۇلۇش ۋە قان سىيىش ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2) ئامىنو شېكىرى تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىن دورىلارنى ئىچكەندە ئاچچىقسۇ ئىچىشكە بولمايدۇ. ئامىنو شېكىرى تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىن دورىلارنى( ستىرېپتومىتسىن، گېنتامىتسىن، كانامىتسىن، نافتامىتسىن، ئامىوكاسىن) ئىچكەندە سۈيدۈك ئىشقارلىشىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئىشقارلىق شارائىتتا ئانتىبىئوتىن دورىلارنىڭ باكتېرىيەگە قارشى رولى كۈچىيىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ تۈردىكى ئانتىبىئوتىن دورىلار بۆرەكنى ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلەيدۇ، ئىشقارلىشىش داۋامىدا پارچىلىنىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەمدە سۈنى كۆپ ئىچىپ بەرسە دورىنىڭ چىقىرىلىشى تېزلىشىدۇ. لېكىن ئاچچىقسۇ بۇنىڭ ئەكسىچە.

3) يەللىك بوغۇم ئاغرىقىغا قارشى دورىلارنى ئىچكەندە ئاچچىقسۇنى كۆپ ئىچىشكە بولمايدۇ، ناترىي ھىدروكاربوناتنى بىرلا ۋاقىتتا ئىچسە دورىنىڭ ئاشقازان- ئۈچەيىنى غىدىقلىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ چىقىرىلىشىغا پايدىلىق.

**62. قايسى دورىلارنى ئىچكەندە، تۇز ۋە جىياڭيونى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ؟**

تۇز-ناترىي خلورىد دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دورىنىڭ ئۈنۈمى ۋە بەزى كېسەللەرگە نىسبەتەن بەلگىلىك تەسىرى بار، نورمال ئادەمنىڭ تېنىدىكى ناترىينىڭ ئومۇمىي مىقدارى 150 گرام بولۇپ، قاننىڭ سىغىمچانلىقى ۋە سىڭىش بېسىمىنى ساقلايدۇ. لېكىن يېگەن قورۇما زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە ياكى تۇز كۆپ سېلىنىپ كەتسە بەدەندىكى قاننىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىدۇ، يەنە يوقىرى ناترىيلىق قان كېسىلى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاش تۇزنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلغاندا مۇنداق ئىككى

خىل دورىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

بىرىنچىدىن، تۇزنىڭ سىڭىش بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن، قان تولۇشلۇق يۈرەك زەئىپلىكى ياكى قان بېسىمى ئېشىپ كېتىش ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدىغان دورىلارنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛

ئىككىنچىدىن، ئاش تۇزى زىيادە كۆپ ئىستىمال قىلىنسا، سۈيدۈك ئازلاپ كېتىپ، سۈيدۈك ھەيدەش دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا بۆرەك ياللۇغى، رېماتىزىم، يۈرەك زەخىملىنىش كېسەللى بار ۋە قان بېسىمى يوقىرى بىمارلار ئاش تۇزىنى قاتتىق چەك قويۇشى، كۈنىگە ئىستىمال قىلىنىغان ئاش تۇزى مىقدارى 6گىرامدىن ئاز بولۇشى كېرەك.

جىياڭيو ئادەتتە پاقلان پۇرچاق(دادۇر)دىن ياسىلىدۇ، تەركىبىدە زور مىقداردىكى كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق مىتال ئىئونلىرى بار، شۇڭا تېتراتسىكلىن تۈرىدىكى باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى ئىچكەندە جىياڭيونى كۆپ ئىستىمال قىلغاندا ھاسىل بولغان مىتال بىرىكمە ماددىلار ئاشقازان-ئۈچەيدە قوبۇل قىلىنماي باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تۇبېركۇليۇزغا قارشى دورىلارنى ئىچكەندىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**63.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە بېلىق ۋە راكنى يېيىشكە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ؟**

1)پاركىنسون كېسەللىنى داۋالايدىغان دورا. زوشيۈەن دوبانى ئىچكەندە بېلىق ۋە راك قاتارلىق يوقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكنى ئاز يېيىش كېرەك. چۈنكى، يوقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەر ئۈچەيدە زوشيۈەن دوبانىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، زور مىقداردىكى ئامىنو كىسلاتاسى پەيدا قىلىپ، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

2) تۇبېركۇليۇزغا قارشى دورا. يەنجىڭنى ئىچكەندە بېلىق ۋە راك يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، دورا بېلىق تۈرىدىكى تەركىبىدە ئاقسىل بار ماددىلارنىڭ ئاجرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئارىلىق ھاسىلات تىرامىن ئادەم تېنىدە جۇغلىنىپ، زەھەرلەش كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باش ئاغرىش، باش قېيىش، تېرە قىزىرىش، يۈرەك سىقىلىش، ئىششىش، ئۈيۈشۈش، قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

لېكىن، ئەكسىچە ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق گورمۇنىنى ئىشلىتىپ رېماتىزىم ياكى رېماتوئىدلىق بوغۇم ياللۇغىنى داۋالىغاندا، بېلىق ۋە راك قاتارلىق يۇقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، پوستلاق گورمون بەدەندىكى ئاقسىل ماددىسىنىڭ بېرىكىشىنى چەكلەيدۇ، يۇقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق تولۇقلىغاندا، بەدەندىكى ئاقسىل ماددىسى يېتىشمەسلىك سەۋەبلىك قوزغىلىدىغان باشقا كېسەللىك ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**64. قايسى دورىلارنى ئىچكەندە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ؟**

تاماكا چېكىش بىلەن دورا ئىچىشنىڭ باغلىنىشى بارمۇ؟ كېسىپ ئېيتالايمىزكى ئەلۋەتتە باغلىنىشى بار! تاماكا چەككەندە دورىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، رولى ۋە ئۈنۈمگە تەسىر يېتىدۇ.

1) تاماكا تەركىبىدىكى زور مىقداردىكى كۆپ ھالقىلىق خۇش پۇراقلىق گىدروكاربون تۈرىدىكى خىمىيىلىك بېرىكمىلەر بار بولۇپ، جىگەردىكى دورا فېرمېنتىنى ئاشۇرۇپ، دورىنىڭ ئالمىشىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. مەسىلەن: تاماكا چېكىدىغانلار ئۇيقۇ دورىسى ۋالىئۇم(ئەندىك)، خلوردىئازېپوكسىد(لىبەننىڭ)نى ئىچسە، قان پلازمىسىنىڭ قويۇلۇش دەرىجىسى ۋە داۋالاش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. يەنە مەسىلەن: سىمېتىدىن ئارقىلىق ئاشقازان يارىسى بىمارلىرىنى داۋالىغاندا تاماكا چەكسە يارىنىڭ ساقىيىشىنى ئۇزۇنغا سوزىۋېتىدۇ ھەم قاناشنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ.

2) تاماكا چېكىش ۋىتامىنCنىڭ قۇرۇلمىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قاندىكى ۋىتامىنC نىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

3) تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن فۇسەيمىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش رولىنى

تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ھەمدە ئامىنو تىئوفىللىننىڭ چىقىرىلىشىنى ئاشۇرۇپ، دېمى سىقىشنى تىنىچلاندۇرۇش رولىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ۋە داۋالىنىش ۋاقتىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

4) تاماكا چېكىش ئادەمنىڭ ناركوز دورىسى، ئاغرىق توختىتىش دورىسى، ئۇيقۇ دورىسى ۋە تىنىچلاندۇرۇش دورىسىغا بولغان سەزگۈرچانلىقنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نىرۋا كېسەلسىگە قارشى دورا پرومازىن(ۋىنتېرمىن)نىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىماردا باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، چارچاش قاتارلىق ناچار رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ.

5) تاماكا چېكىش كاتېفولئامىننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تېزلىتىپ، تېرىنىڭ ئىنسۇلىننى قوبۇل قىلىشىنى ئازايتىپ، ئىنسۇلىننىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دورا ئىچىشنىڭ ئالدى-كەينىدە خام، سوغۇق، ئاچچىق، مايلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز تۇتۇشنى بىلىدۇ، بىراق تاماكا چەكمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئاساسلىقى تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تاماكىنىڭ موھىت ۋە ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقى ياكى سەل قارالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دەسلەپتە تاماكا چېكىش بىلەن كېسەلنىڭ ئەڭ موھىم سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشىغا سەل قارىلىپ، تاماكا چەككۈچىلەرنى تاماكا تاشلاشقا دەۋەت قىلىش سالمىقىنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىن بولغان.

**65. يۇقۇملىنىشقا قارشى قانداق دورىلارنى ئىچكەندە تاماق يېيىشكە بولمايدۇ؟**

يۇقۇملىنىشقا قارشى دورىلارنىڭ قان پلازما قويۇقلۇق دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىدىن، قوبۇل قىلىش ناچار؛ ئىككىنچىدىن، باكتېرىيە تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك داۋالاش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن كىشىلەر كالا سۈتى بىلەن ئېرىمچىكنى بىرلىكتە ئىستىمال قىلغاندا قان پلازمىسىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغانلىقنى بىلمىسە كېرەك.

كۆپىنوكېتون تۈرىدىكى يۇقۇملىنىشقا قارشى دورىلارنى بۇلۇپمۇ نوفوشاسىن، ياڭفۇشاسىن،

زوياگشاشىن قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندە كالا سۈتىنى بىرلىكتە ئىستىمال قىلسا، دورىنىڭ قان پلازمىسىنى قويۇلدۇرۇش دەرىجىسنى قايناقسۇ بىلەن دورا ئىچكەنگە قارىغاندا 50% ئەتراپىدا تۆۋەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا سفالادىننى يېمەكلىك ياكى كالا سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە دورىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ؛ سفا كېلوننى يېمەكلىك بىلەن بىرلىكتە ئىچكەندە قان پلازمىسىنىڭ ئەڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ئاچ قورساق دورا ئىچكەننىڭ ئاران 50%-70%تىگە يېتىدۇ. ئامپىتسىللىن، ئامولستىللىن، ئېرىترومىتسىن قاتارلىق دورىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىمۇ يېمەكلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

لېكىن بۇنىڭغا ئوخشمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. تۆۋەندىكىدەك يۇقۇملىنىشقا قارشى ئىككى خىل دورا يوقىردا تىلغا ئېلىنغان مىساللارغا ئوخشمايدۇ. گرىزېئوفۇلۇننىڭ قويۇلۇش دەرىجىسىنى تىرناق تاختىسىغا يەتكۈزۈش قىيىن، قول-پۇت تىرناق تەمرەتكىسىنى داۋلاش ۋاقتى بىر ئاز ئۇزاق بولىدۇ، دورىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن دورىنى تاماقتىن كېيىن، بولۇپمۇ مايلىق تاماق بىلەن بىرلىكتە ئىچىش لازىم، بۇنىڭدىن باشقا لوئېرىتورومىتسىننى كالا سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە دورىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

### 66.قايسى دورىلارنى ئىچكەندە شوپۇرلانى چارچىتىپ قويىدۇ؟

بەزى دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن، كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چارچاش، ئۇيقۇسىزلىق، روھى ھالىتى جۇشقۇن بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا دورا ئىچكەندىن كېيىن ئازىراق ئارام ئېلىش ۋە ئازىراق ئۇخلىۋېلىش لازىم. خەۋپ-خەتەر ۋە ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماشىنا، تراكتور ھەيدىمەسلىك، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلماسلىق ۋە ئېگىزدە مەشغۇلات ئېلىپ بارماسلىق كېرەك.

شوپۇرلانىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدىغان ياكى ئۇلارنى چارچىتىپ قويىدىغان دورىلار

تۆۋەندىكىچە:

1) زۇكامغا قارشى دورىلار: بۇنداق دورىلار كۆپرەك مۇرەككەپ رېتسېپتىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى، بۇرۇن شىللىق پەردە قان تومۇرلىرى تارىيىش دورىسى ياكى زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى دورىلار، كېيىنكى ئىككىسى بۇرۇن پۈتۈش، چۈشكۈرۈش، بۇرۇندىن سۇ ئېقىش ۋە ياش قۇيۇلۇش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىدۇ، لېكىن دورا ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنى ئاسانلا چارچىتىدۇ.

2) زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى دورىلار: يەنى قارىمۇ-قارشى دورىلار، بۇنداق دورىلار چوڭ مېڭىنىڭ مەركىزىي نېرۋىسىنى تورمۇزلاپ تىنچلاندۇرىدۇ، دورىنى ئىچكەندىن كېيىن روھى- كەيپىياتى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

3) تىنچلاندۇرۇپ ئۇخلىتىش دورىسى: تىنچلاندۇرۇپ ئۇخلىتىش دورىسىنىڭ ھەممىسى مەركىزىي نېرۋىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە بولۇپ،ئۇخلىتىدۇ.

4) باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش(شەقىقە)قا قارشى دورىلار: پىنسەيدېڭنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇيقۇسىراش، چارچاش ۋە تەن ماغدۇرسىز بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

5) ئاشقازاندىن سېرىق سۇ يېنىشنى داۋالايدىغان دورىلار: شىمىتىدىڭ، ئاۋېيلازو، لەنسۇلازو، پەنتولازو قاتارلىق دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن كەم ماغدۇر بولۇش، چارچاش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

**67. كېسەل بولغان ئەھۋالدا، قانداق قىلغاندا ھەم دورا ئىچىش ھەم بىخەتەر ماشىنا ھەيدەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟**

دورا ئىچكەندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ناچار رېئاكسىيىنىڭ ۋاقتى ۋە دەرىجىسىنى كونترول قىلىش قىيىن، ئىلىم-پەن ساھەسىدە ھەل قىلىش قىيىن بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە. گەرچە ئومومىي جەھەتتىن دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس دېيىلگەن بىلەن، لېكىن شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناۋادا ناچار

رېئاكسىيە يۈز بېرىپ قالسا، يۈز بېرىش نىسبىتى100%گە يېتىدۇ. شوپۇرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا كېسەل بولغان ئەھۋالدىمۇ ھەم دورا ئىچىش ھەم بىخەتەر ماشىنا ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

1) ماشىنا ھەيدەشتىن 4 سائەت بۇرۇن ئىمكانقەدەر دورا ئىچمەسلىك كېرەك ياكى دورا ئىچىپ 6سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ماشىنا ھەيدەش كېرەك.

2) ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان ياكى بىھوش قىلىدىغان دورىلارنى ئىچىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يېرىم سائەت بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ھەم كۆندىلىك تۇرمۇش ئېلىپ كەلگەن قولايسىزلىقلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ ھەم ئوبدان ئۇخلىغىلى بولىدۇ. زۇكامغا قارشى بەزى دورىلار كۈندۈزلۈك تابلېتكا ۋە كېچىلىك تابلېتكا دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: كۈندۈزلۈك بەيفۇنىڭ تابلېتى، بەيجياخې زۇكام تابلېتى ۋە كۈندۈزلۈك تابلېتكا زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى دورىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، شۇڭا كۈندۈزى ئىمكانقەدەر كۈندۈزلۈك تابلېتكىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

3) ئورنىغا باشقا دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش. مەسىلەن: زىيادە سېزىمچان بولغاندا، ئىمكانقەدەر مەركىزىي نېرۋىنى تورمۇزلاش رولى ئاز بولغان زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى دورا ـ ئىمدازولىستىن، لۇبېيتادىڭ، دىلۇبېيتادىڭ قاتارلىق دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. قان بېسىمنى چۈشۈردىغاندا سۈيدۈك ھەيدەتمەيدىغان كاتوپۇلى، يىناپۇلى، فۇشىنپۇلى، شياۋبېندىبەن، لوشادەنگە ئوخشاش دورىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش؛ زۇكام بولغاندا تىنىچلاندۇرۇش دورىسى ۋە زىيادە سېزىمچانلىققا قارشى دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان كۈندۈزلۈك تابلېتكا ياكى كاڭسىلىنوپيەن، لىجۇگەنلىپيەن، دەيئېركاپيەن، شىنبۇ دانچىسىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

4) دىئابېت كېسىلى بار بىمارلار ئىنسۇلىن ئۇرغۇزغان ياكى قان شېكىرىنى چۈشۈرۈش دورىسىنى ئىچكەندىن كېيىن ئازراق ئارام ئېلىشى كېرەك، ئەگەر قان شېكىرى بەك

چۈشۈپ كېتىش ياكى باش قېيىش، كۆزى قاراڭغۇلىشىش، قولى تىترەش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئازىراق يېمەكلىك ۋە شاكىلات، مېۋە-چېۋە يېيىش كېرەك.

5) هاراق ئىچمەسلىك ياكى تەركىبىدە ئىسپىرت بار بولغان ئىچىملىكلەرنى ھەرگىزمۇ ئىچمەسلىك كېرەك. ئىسپىرت ئەمەلىيەتتە مەركىزىي نېرۋىنى تورمۇزلايدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇخلىتىش دورىسى، تىنچلاندۇرۇش دورىسى ۋە روھى كېسەللىكلەرگە قارشى دورىلارنىڭ زەھىرىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

6) ناچار رېئاكسىيىسىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان دورىلارنى ماشىنا ھەيدەشتىن بۇرۇن يېرىم مىقداردا ئىچىش، ئارام ئالغان ۋاقىتتا ئاندىن تولۇق مىقداردا ئىچىش لازىم.

**68.جۇڭيى دورىلىرى ئىچىدىكى ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلار قايسى؟**

جۇڭيى دورىلىرى ئىچىدىكى ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلار مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچى تۈردىكىسى، مەرگىمۇش تاش(قىزىل مەرگىمۇش تاش ۋە ئاق مەرگىمۇش تاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سىماپ قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى تۈردىكىسى، ئاق خام پارپا، خام پارپا، خام كۈچۈلا ئۇرۇقى، خام بۇۋانە(سېچۈەن خام بۇۋانىسى ۋە خام تيەنشيۇڭ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئالا كۈلۈك(چىڭنياڭچۇڭ، پويىرارىيە چاتقىلى، پىلتاپان، خانقىز قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خام ھەببۇلمەلۈك، خام تىزغا، خام چايانئوت، خام فېيشىر سۈتلۈكئوت، گارتىسنىيە خام دېۋىرقېيى، خام گەنسۈي سۈتلۈكئوت، خام سېرىق چېپارئوت، سېرىق كاككۇكگۈلى، خام كىچىك ھەببۇلمەلۈك، خام مىڭدىۋانە، چارپاقا ئىسرىسى، كالومېل، فلوبافىن، قىزىل شىڭدەن، ئاق جياڭدەن، جيۇفىنسەن، لوڭخۇۋەن، خۇشىڭۋەن قاتارلىقلار.

**69.قانداق دورىلارنى ئىچكەندە تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش كېرەك؟**

دورا ئىچكەندە تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش- دورا ئارقىلىق داۋالاشقا ماسلىشىپ، داۋالاش

ئۇنۇمنى يوقىرى كۆتىرىشنى كۆرسىتىدۇ. دورا ئىچكەن مەزگىلدە مەلۇم يېمەكلىكتىن پەرھىز تۇتۇش تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش كېسەلدىن پەرھىز تۇتۇش ۋە دورىدىن پەرھىز تۇتۇش دەپ ئىككىگە ئايرىلىسمۇ، لېكىن ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىقتەك ۋە ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ غىدىقلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خام، سوغۇق، ئاچچىق، مايلىق، شىلىمشىق ۋە غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز تۇتۇش كېرەك. كونكرېت قوللانغاندا ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

دورا ئىچكەندە تاماقتىن پەرھىز تۇتۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. كلىنىكىدا دورا ئىشلەتكەندە دورا بىلەن تاماقنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، شۇڭا دورىنىڭ ناچار رېئاكسىيىسىنى تۆۋەنلىتىپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**70.دورا قايناتقاندا نېمە ئۈچۈن ساپال قاچىلاردا قاينىتىش كېرەك؟ دورىنى نېمە ئۈچۈن تۆمۈر، مىس، ئاليۇمىن، قاتارلىق مېتال قاچىلاردا قاينىتىشقا بولمايدۇ؟**

جۇڭيى دورىسىنى ئەڭ ياخشىسى قۇمقازان، قۇمكورۇشكا، قۇمچۆگۈن قاتارلىق ساپال قاچىلاردا قاينىتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىشىپ، دورا تەركىبى بىلەن ئاسانلىقچە خىمىيىۋى رېئاكسىيە پەيدا قىلالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تەكشى قىزىيدۇ، ئىسسىق ساقلىنىشچانلىقى ياخشى.

ئەگەر قۇمقازان تۈرىدىكى ساپال قاچىلار بولمىغاندا، يوقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق ئەينەك قاچىلارنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئېمال قاچىلاردا ياكى ئاليۇمىن قاچىلاردا دورا قاينىتىشقا بولمايدۇ. مىس، تۆمۈر، قەلەي قاتارلىق مېتاللاردا ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىپ دورا قاينىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، مىس، تۆمۈر، قەلەي قاتارلىق مېتال ئېلمېنتى ئەسلىدىنلا جۇڭيى دورا تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا

خۇسۇسىيىتى ۋە ماس كېلىش دائىرىسىگە ئىگە. ئىككىنچىدىن، مىتال ئېلېمېنتىدىن ياسالغان قاچىلارنىڭ سىرتىنى مىتال ئېلېمېنتى بىلەن ئوكسىگېندىن ھاسىل بولغان بىر قەۋەت ئوكسىدلىق ماددىلار قاپلىغان بولۇپ، بۇ ئوكسىد ماددىلار دورا سۈيۈقلۇقى تەركىبىدىكى دورا ماددىلىرى بىلەن بىرىكىپ خىمىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ. يېنىك بولغانلىرىدا ئەسلىدىكى دورىنىڭ دورىلىق ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئېغىر بولغانلىرىدا ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان ماددىلار بەدەننى زىيانلاندۇرىدۇ.

ئەگەر تۆمۈر قازاندا جۇشىيى دورىسى قاينىتىلسا، ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئوكسىدلىق تۆمۈر تۇرىدىكى ماددىلار دورا قاينىتىش داۋامىدا دورا سۈيۈقلۇقى تەركىبىدە بار بولغان تاننىك ۋە گلىكوزا تۇرىدىكى ماددىلار بىلەن بىرىكىپ خىمىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىپ، سۇدا ئېرىمەيدىغان تۆمۈر تاننىك كىسلاتاسى ۋە باشقا تەركىبلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، دورا سۈيۈقلۇقنى قارا ۋە كۆككە ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. دورىنىڭ تەممۇ قىرتاق ھەم بەتبۇي بولۇپ قالىدۇ؛ دورا ماتېرىياللىرى تەركىبىدىكى بىئولوگىيىلىك ئىشقارلار تاننىك مادداا ياكى باشقا ئورگانىك كىسلاتا بىلەن بىرىكىپ، تۇز ھاسىل قىلالىسا ئاندىن سۇدا ئېرىيدۇ، تۆمۈر گەرچە تاننىك مادداا قاتارلىقلار بىلەن خىمىيىلىك رېئاكسىيە ھاسىل قىلالمىسىمۇ تاننىك ماددا قاتارلىقلارنى زىيانلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىئولوگىيىلىك ئىشقاردىن پايدىلىنىش دەرىجىسىگە تەسىر يېتىپ، دورا تەركىبىنى پارچىلاپ چىقىرىۋېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، يېنىك بولغاندا داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئادەم بەدىنىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

### 71.دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنى قانداق تاللاش كېرەك؟

ئادەتتە سۈزۈك، پاكىز، تەمى تاتلىق، ساپ، سۈپەتلىك تۇربا سۈيى، بۇلاق سۈيى، دەريا سۈيى، كۆل سۈيى، كۆلچەك سۈيى ۋە ساپلاشتۇرۇلغان سۇلارنىڭ ھەممىسى دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. سۇ سۈپىتى دۇغلاشقان، تەمى ئۆزگىرىپ كەتكەن،

تەكرار قاينىغان ياكى چايدان قاتارلىق ئىسسىق ساقلاش قاچىلىرىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قالغان سۇلارنى دورا قاينىتىشقا بولمايدۇ. ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان، رەڭگى ئۆزگىرىپ چىرىپ كەتكەن، تەركىبىدە زور مىقداردىكى زىيانلىق ماددىلار بار بولغان سۇدا دورا قاينىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

## 72.دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى قانداق ئۆلچەش كېرەك؟

دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مۇۋاپىق بولۇش- بولماسلىقى داۋالاش ئۈنۈمى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. دورا قاينىتىدىغان سۇ ئاز بولسا، دورىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى قاينىتىلماي قالىدۇ؛ سۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، قاينىتىدىغان ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىپ، بىر قىسىم تەركىبلەرگە ئاسانلا زىيان يېتىدۇ. ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى كۈندە دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى ھېسابلاشتا تېخىمۇ ئىلمىي تونۇشقا ئىگە بولدى.

نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، دورا قاينىتىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارى قايناتماقچى بولغان ئوت-چۆپ دورىنىڭ سۇ سۈمۈرۈش مىقدارى چىلاپ قاينىتىش داۋامىدىكى پارچىلىنىش مىقدارى ۋە قايناتقاندىن كېيىنكى دورا سۇيۇقلۇق مىقدارى ۋە قايناتقاندىن كېيىنكى دورا سۇيۇقلۇق مىقدارىدىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ يىغىندىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنە قايناتما دورىنىڭ قۇۋۋەت-كۈچى بىمارنىڭ يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، تېنىنىڭ كۈچلۈك- ئاجىزلىقى، دورا مىقدارىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، دورا قاينىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى مۇۋاپىق ئازايتسا بولىدۇ. بۇ گەرچە ئىلمىي نەزەرىيە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىشلىتىش جەريانىدا پۈتۈنلەي ماس كېلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر سائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە دورا قايناتقاندا، يوقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئائىلىلەردە دورا قايناتقاندا بۇ ئۇسۇل بويىچە ھېسابلاش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا ھازىر ئائىلىلەردە دورا قايناتقاندا دورا قايناتقاندا

دورا قايىنىدىغان سۇ مۆلچەر بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى دورىلاردا ھەر قېتىم دورا قايناتقاندا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارى دورا ياپراقچىللىرىنى مۇۋاپىق باسقاندىن كېيىن سۇغا تولۇق چىلىنىپ، دورا چىلانمىسىنىڭ ئۈستۈنكى ئۈستىدىكى سۇ ئۈچ سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ؛ ئەگەر دورا تەركىبىدە خۇشپۇراقلىق ئۇچۇچان ماي بولسا ياكى ئۇزاق قايناتقىلى بولمايدىغان دورىلار بولسا سۇ مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. دورا چىلاشىسلا بولىدۇ؛ دورىنىڭ سۈپىتى قاتتىق بولۇپ ئۇزاق قايناتىش توغرا كەلگەندە سۇنى مۇۋاپىق كۆپەيتسە بولىدۇ؛ ھەرخىل سەۋەپ تۈپەيلىدىن دورىنى ئۇزاق ۋاقىت قايناتقاندا توغرا كەلگەندە دورا قايناتقىشتىن ئىلگىرى مۇۋاپىق سۇ قوشقاندىن كېيىن يەنە قايناتىش داۋامىدا ئەھۋالغا قاراپ سۇ قوشسا بولىدۇ.

**73. جۇڭيى دورىلىرىنى نىمە ئۈچۈن قايناتقىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلاپ قويۇش كېرەك؟**

جۇڭيى دورىلىرىنى قايناتقىشتىن ئىلگىرى ئازىراق سۇغا چىلاپ قويۇش كېرەك، بۇ دورىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ قايناپ چىقىرىلىشىغا پايدىلىق. جۇڭيى دورىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆسۈملۈك يىلتىزى، غولى، گۈلى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىدىن ئېلىنغان قۇرۇق نەرسىلەر بولۇپ، قۇرۇتۇش جەريانىدا ئۇنىڭ سۇ تەركىبى پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ھۈجەيرە دىۋارى ۋە ئۆتكۈزگۈچ نەيچە قۇرۇلۇپ، ھۈجەيرە سۇيۇقلۇقى قۇرۇپ قالىدۇ، تەركىبىدىكى ماددىلار ئاساسىي جەھەتتىن خرۇستال ياكى مۇقىمسىز چۆكمە ھالەتتە ھۈجەيرە ئىچىدە تۇرىدۇ. قايناتىش ئۈچۈن سۇ قويغاندا ھۈجەيرىلەر قايتىدىن كۆپۈشىدۇ، ھۈجەيرە ئىچىدىكى ئېرىگۈچى ماددىلار ھۈجەيرە پەردىسى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا روشەنلىشىدۇ. ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسى ئىچىدىكى ماددا ئېرىگەندىن كېيىن بەك قويۇقلىشىپ، گىپېرتونىك ھاسىل قىلىدۇ، سۇ تەركىبى داۋاملىق سىڭىشكەندە ھۈجەيرىلەر كۆپۈشۈپ يېرىلىپ، نۇرغۇن ماددىلار قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قايناتقىشتىن بۇرۇن دورا سۇغا چىلاپ قويۇلسا، ھۈجەيرىلەرنىڭ كۆپۈشۈپ يېرىلىشى ۋە ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ ئېرىپ قويۇپ بېرىلىشىنى زور

دەرىجىدە ئىلگىرى سۇرۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق تەركىبلەرنى قايناپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر دورىنى سۇغا چىلاپ قويماي، بىۋاستە قايناتقاندا دورا يۈزىدىكى كراخمال ۋە ئاقسىل ماددا قېتىۋېلىپ، پايدىلىق تەركىبنىڭ ئېرىپ چىقىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ ئورگانىزىم توقۇلمىلىرى ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرىدىن چىقىرىلغان قۇرۇتۇلغان جۇڭيى دورىسى، قۇرۇق ھۆجەيرە كۆپىنچە سۇسىزلاندۇرۇلغان ھايۋانلارنىڭ ئاقسىل ماددىسى، ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ماي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، ئەگەر قاينىتىشتىن ئىلگىرى چىلاپ قويۇلمىسا، بۇ تەركىبلەرنىڭ قايناپ چىقىرىلىشى قىيىنغا توختايدۇ.

شۇڭا ،مەيلى ئۆسۈملۈكتىن ئېلىنغان جۇڭيى دورىسى بولسۇن ياكى ھايۋاناتتىن ئېلىنغان جۇڭيى دورىسى بولسۇن ۋە ياكى مەلۇم مېنرال ماددىلاردىن ئېلىنغان جۇڭيى دورىسى بولسۇن ئوخشاشلا مۇددەتتىن سۇغا چىلاپ قويۇش كېرەك. مۇددەتتىن بۇرۇن چىلاپ قويۇش ۋاقتى ئادەتتە 30 ـ 60مىنۇت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. ئالاھىدە بولغانلىرىنى يەنىمۇ ئۇزاقراق چىلاپ قويسا بولىدۇ. ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاچقا، چىلاش ۋاقتى قىسقاراق بولسا بولىدۇ. قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرا تۆۋان بولغاچقا، چىلاش ۋاقتى ئۇزاقراق بولسا بولىدۇ.

لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرى چاغلاردا چىلاش ۋاقتى ئۇزاق بولۇپ كەتسە دورا سېسىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ بەزى ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك دورىلارنى مەسىلەن: ئېپار، ئېشەك يېلىمى قاتارلىقلارنى چىلاپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ كۆرسىتىلگەن تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**74.دورا قاينىتىشتىن بۇرۇن نېمە ئۈچۈن جۇڭيى دورىلىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىشقا بولمايدۇ؟**

نۇرغۇن كىشىلەر دوختۇرخانا ياكى دورا دۇكىنىدىن ئالغان تەييارلاپ قويغان جۇڭيى دورىلىرىنى قايىنتىپ ئىچىدىغاندا ‹پاكىز ئەمەس› دەپ قاراپ قايىنتىشتىن ئىلگىرى يۇيۇپ، ئۈستىدىكى توپىلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، بۇنداق قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل زىيىنى بار:

بىرىنچىدىن، قاقلاپ قۇرۇتقاندا جۇڭيى دورىسى ئۈستىدىكى قوشۇمچە ماتېرىياللار مەسىلەن: ھەسەل، ھاراق، ئۆت سۇيۇقلۇقى، تاشپاقا قېنى قاتارلىقلار يوقاپ كېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جۇڭيى دورىسى تەركىبىدىكى بىر قىسىم سۇدا ئېرىيدىغان تەركىبلەر يوقاپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىنتايىن ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەركىبلەردۇر.

ئۈچىنچىدىن، پاراشوك تۈرىدىكى دورىلارنى يوقىتىۋېتىدۇ، چۈنكى جۇڭيى دورىسى تەركىبىدە ئەسلىدىنلا نۇرغۇن پاراشوك بولىدۇ، ئەگەر سۇ بىلەن يۇغاندا بۇ خىل دورا يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا قايناتما دورىنىڭ ئەسلىدىكى دورىلاش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ياكى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كېسەل داۋالاشقا پايدىسىز.

**75.چىلايدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟**

جۇڭيى دورىلىرىنى قايىنتىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلىغاندا، چىلايدىغان سۇ تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى- دورا تەركىبىنىڭ قايناپ چىقىرىلىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە چىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 10℃ ـ 40℃قىچە بولسا بولىدۇ. ھەرگىزمۇ قايناقسۇغا چىلىماسلىق كېرەك. قۇرۇق ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى جۇڭيى دورىلىرىنى قايناقسۇغا چىلىغاندا دورىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى توقۇلما ھۈجەيرىلىرى قايناقسۇدا پىشىپ قېلىپ، تەركىبىدىكى بەزى ماددىلار بۇلۇپمۇ، ئاقسىل، كراخمال قاتارلىقلار قېتىپ، يىغىلىپ قېلىپ سۇنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن توقۇلما ئىچىدىكى ئېرىيدىغان تەركىبلەرمۇ ئېرىمەيدۇ، دورا تەركىبىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ؛

بەزى خۇشپۇراقلىق جۇڭيى دورىلىرى تەركىبىدىكى پارغا ئايلىنىدىغان ماي ياكى پارلىنىشچان ماددىلار قايناقسۇدا پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قاينىتىلدىغان دورىنى ئالدى بىلەن قايناقسۇغا چىلىغاندا دورا قاينىتىش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ. پارلىنىدىغان ماددىلار يوقاپ كېتىپ، دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭيى دورىسىنى چىلايدىغان سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال ئىسسىق سۇ ياكى ئىسسىق سۇ بولغىنى ياخشى، بۇنداق بولغاندا ھەم چىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ ھەم ئۈنۈملۈك تەركىبلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

ئادەتتە ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرا بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا بىۋاستە سوغۇق سۇغا چىلىسا بولىدۇ. قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا 50℃ ـ 25℃ ئەتراپىدىكى ئىسسىق سۇغا چىلىسا بولىدۇ. خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەر ئاسان پارلىنىدىغان ياكى سۇنى ئاسان سۈمۈرىدىغان بولغاچقا، سوغۇق سۇغا چىلىسىمۇ بولىدۇ؛ قاتتىق، پارلانمايدىغان دورىلارنى ئىسسىق سۇغا چىلاش كېرەك.

نۆۋەتتە بىر قىسىم جۇڭيى دوختۇرخانىلىرى ۋە بەزى بىمارلار دورا قايناتقاندا ئىشنى ئازايتىش ئۈچۈن دورىنى قاينىتىشتىن ئىلگىرى سۇغا چىلاپ قويمايدۇ. بۇ دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

### 76. دورا قايناتقاندا ئوت كۈچىنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟

جۇڭيىدا دورا قاينىتىشتا ئىشلىتىدىغان ئوت كۈچىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ ئوت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى دورا تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قايناپ چىقىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوت كۈچى سۈپىتى دېگىنىمىز ـ ئوتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئوخشاش بولمىغان يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرگەندە ئوت كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوت سۈپىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قايناتقان دورىنىڭ تەركىبى ۋە ئۈنۈمىگە

تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تىببى ئالىملار بۇ نوقتىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ھەمدە دورا قايناتقاندا ياغاچ كۆمۈر ۋە ئوتۇن ئىشلىتىشنى تەكىتلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە ياغاچ كۆمۈر بىلەن ئوتۇندىن باشقا يەنە تەبىئى گاز ئوتى، كۆمۈر ئوتى ھەتتا قۇياش ئېنىرگىيىسى ئوتى قاتارلىقلار كەڭ قوللىنىلماقتا. كىرسىن ئوچاق ياكى سىلياركا ئوچاق ئوتىنى ئىشتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى دورا سويۇقلۇقىنىڭ تەمگە كىرسىن ياكى سېلياركىنىڭ پۇرىقى سىڭىشىپ قالىدۇ. ئىچىشكە پايدىسىز.

ئادەتتە دورىلارنى قايناتقاندا ئالدى بىلەن كۈچلۈك ئوتتا ئاندىن كىيىن سۇس ئوتتا قاينىتىش، يەنى قايناشتىن ئىلگىرى كۈچلۈك ئوت ئىشلىتىش، قايناپ بولغاندىن كىيىن ئوتنى پەسەيتىپ سۇس ئوتتا قاينىتىش كېرەك دەپ قارىلىدۇ.

قاينىتىدىغان دورىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىشلىتىش جەريانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن جانلىق ئۇسۇل قوللىنىلىسمۇ بولىدۇ. ئادەتتە خۇش پۇراقلىق پارلىنىشچانلىق تەركىبى بىر قەدەر كۆپ ياكى دورا تەركىبى ئاسان قايناپ چىقىدىغان دورىلارنى كۈچلۈك ئوتتا تېز قاينىتىش؛ مىنرال ماددا، ھايۋانات، قولۇلە قېپى، ئۆسۈملۈك يىلتىزى، غولى قاتارلىقلاردىن ياكى پارلانمايدىغان نەرسىلەردىن تەييارلانغان دورىلار تەن ئاجىزلىقىنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدىغان قۇۋۋەت دورىلىرى ياكى قايناتسىمۇ تەركىبى ئاسان چىقمايدىغان دورىلار سۇس ئوتتا ئاستا قاينىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا دورىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەر تولۇق ئېرىپ چىقىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قايناش ۋاقتى قىسقا بولىدىغان جۇڭيى دورىلىرىنى كۈچلۈك(ئۇلۇغ) ئوتتا قاينىتىش؛ ئۇزاق قاينىتىدىغان جۇڭيى دورىلىرىنى سۇس(ئاجىز) ئوت ياكى سۇس، كۈچلۈك(ئۇلۇغ) ئوتتا قاينىتىش كېرەك.

**77.دورا قاينىتىش ۋاقتىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟**

دورا قاينىتىش ۋاقتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى دورىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ

ئېرىش مەۋجۇتلۇق نىسبىتى ۋە داۋالاش ئۈنۈمى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. دورا مۇۋاپىق قاينىتىلغاندا، ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ ئېرىش مەۋجۇتلۇق نىسبىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتىرگىلى بولىدۇ ھەمدە ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمگە يەتكىلى بولىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا ئۈنۈملۈك تەركىبلەرنىڭ ئېرىش مەۋجۇتلۇق نىسبىتى ۋە داۋالاش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۈنۈملۈك تەركىبلەر زىيانغا ئۇچراپ، ئادەمگە زىيان يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا دورا قاينىتىشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ؛

1) ئادەتتىكى دورىلارنى بىرىنچى قېتىم قايناتقاندا، قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە15 ـ 20 مىنۇت قاينىتىش، ئىككىنچى قېتىم قايناتقاندا دورا قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە 15 ـ 20 مىنۇت قايناتسا بولىدۇ.

2) يەڭگىل ياكى خۇشپۇراقلىق تەركىبلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان، يەنى تەرلىتىش، ھۆللۈكنى يوقىتىش، خىلتنى ھەركەتلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى قاينىتىش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بىرىنچى قېتىم قايناتقاندا قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە 10 ـ 15 مىنۇت قاينىتىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم قايناتقاندا قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە 5 ـ 10 مىنۇت قايناتسا بولىدۇ.

3) قۇۋۋەت دورىلىرى، مېنىرال دورىلار ۋە يىلتىز، غول تۈرىدىكى قاتتىق، ئاسان پارلانمايدىغان دورىلارنى قاينىتىش ۋاقتى ئۇزاق بولىدۇ. بىرىنچى قېتىم قايناتقاندا قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە 40 ـ 50مىنۇت قاينىتىلىدۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ھەتتا تۆتىنچى قېتىم قايناتقاندا قايناپ بولغاندىن كېيىن يەنە 30 ـ 40 مىنۇت قاينىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى دورىلارنى داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دورا قاينىتىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئەھۋالغا قاراپ بېكىتسىمۇ بولىدۇ.

## 78.دورا قايىنتىش قېتىم سانىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟

ئادەتتە بىر بولاق دورىنى ئۈچ قېتىم، ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى قېتىم قايىنتىش كېرەك. چۈنكى دورا قايناتقاندا، دورىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەر ئالدى بىلەن دورا ماتېرىياللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سۇ سىيۇقلۇققا كىرىپ ئاندىن كېيىن دورا ماتېرىياللىرىنىڭ تاشقى قىسمىدىكى سۇ سىيۇقلۇققا تارقىلىدۇ. دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئىچى-تېشىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى باراۋەر ھالەتكە كەلگەندە، ئوسموتىك بېسىم تەكشى ھالەتكە كەلگەنلىكتىن، ئۈنۈملۈك تەركىبلەر قايتا ئېرىپ چىقالمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دورا سىيۇقلۇقنى سۈزىۋېلىپ، قايتىدىن سۇ قۇيۇپ قايناتقاندىلا، ئۈنۈملۈك تەركىب ئاندىن ئېرىپ چىقىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا بەزىلەر بىر بولاق جۇڭيى دورىسىنى ئۈچ قېتىم قايىنتىپ دورىنىڭ سۈپىتىنى تەجرىبە قىلىپ كۆزەتكەن، نەتىجىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم قايناتقان دورا سىيۇقلۇقى تەركىبىدە نۇرغۇن دورىلىق ماددىلارنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ھەر قېتىم قايىنتىلغان دورا سىيۇقلۇقنىڭ ئېغىرلىقى بىرىنچى قېتىم قايناتقان دورا سىيۇقلۇقنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىر بولاق دورىنى ئۈچ قېتىم قايناتسا بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەم دورىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى ھەم دورا ئىسراپ بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كلىنىكىدا داۋالاش ئالاھىدە ئېھتىياجىدىن سىرت، ئادەتتە بىر بولاق دورىنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى قېتىم قايىنتىش كېرەك، ئېغىر، قاتتىق ياكى قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئۈچىنچى قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قايناتسا بولىدۇ.

## 79.دورا سىيۇقلۇقنىڭ قايناپ چىقىرىلغان مىقدارى قانچىلىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟

ئوخشاش بولغان ئاتموسفىرا(ھاۋا) بېسىمى ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىق شارائىت ئاستىدا دورا ئۆز ئىچىگە ئالغان تەركىب بىلەن دورا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئوڭ تاناسىپى بويىچە، يەنى قايىنتىلىدىغان دورىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە ئاساسەن دورا سىيۇقلۇقنىڭ مىقدارى ئۆلچىنىدۇ.

ئەگەر قايىنتىلغان دورىنىڭ مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، دورا تەركىبىنىڭ قايىنتىپ چىقىرىلىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىلەن ئىچىشكە ئەپسىز بولىدۇ؛ ئەگەر قايىنتىپ چىقىرىلغان دورا سويۇقلۇقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى زىيادە ئاز بولۇپ قالسا ئىچىشكە ئەپلىك بولغىنى بىلەن دورا تەركىبىنىڭ قايناپ چىقىرىلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئۇنداقتا ھەر بولاق دورىنى قايناتقاندىن كېيىنكى دورا سويۇقلۇقىنىڭ مىقدارى قانچىلىق بولسا بولىدۇ؟

ھازىر ئادەتتە چوڭلار ئۇچۇن ھەر قېتىمدا200ـ300مىللىلىتىر، ئەگەر بىر بولاق دورىنى ئىككى قېتىم قايناتسا ئومۇمىي مىقدارى 500ـ600مىللىلىتىر، ئۈچ قېتىم قايىنتىلسا 750ـ900مىللىلىتىر بولسا بولىدۇ دەپ قارالماقتا. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ ئازايتسا بولىدۇ. نۆۋەتتە ھازىر قايناتما دورىلارنى ئىچىشتە بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىچىشكە ئەپلىك تەرىپىلا تەكىتلەنگەچكە، قايىنتىپ چىقىرىش مىقدارىنىڭ زىيادە ئاز بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئەھۋالنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك.

**80.دورىنى قايىنتىپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن دەرھال سۈزۈش كېرەك دەيمىز؟**

جۇڭيى دورىسىنى قايىنتىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۈزۈش، بۇ نوقتىغا جەزمەن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بەزىلەر دورىنى قايىنتىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۈزمەستىن، سوۋۇغاندىن كېيىن ئاندىن سۈزىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى دورا سويۇقلۇقى قازان(كورۇشكا)دا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا، دورا سويۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، بىرىنچىدىن، دورىغا قايتىدىن يېپىشىۋالىدۇ، ئىككىنچىدىن كاللەكلىشىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يىلىمسىمان ماددا شەكىللىنىدۇ ھەمدە دورىغا چاپلىشىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈزىدىغان دورا سويۇقلۇقىنىڭ مىقدارى ئازلاپ كېتىدۇ ھەتتا سۈزمەك تەس بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا دورا تەركىبىنىڭ قايناپ چىقىرىلىش نىسبىتى ۋە دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا جۇڭيى دورىلىرىنى قايىنتىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۈزۈش كېرەك. مەلۇم

سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتىنچە ئىچىلمىسىمۇ، دورىنى ۋاقتىدا سۈزۈش، دورا شامىسى ئۇزاق ۋاقىت قازاندا تۇرۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**81.دورىنى سۈزۈپ بولغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن دورا شامىسىنى داكىغا ئوراپ سىقىپ قالدۇق دورا سويۇقلۇقىنى چىقىرىمىز؟**

دورىنى سۈزۈپ بولغاندىن كېيىن دورا شامىسىنى قوش قات داكىغا ياكى سۇ ئۆتۈشچانلىقى ياخشى بولغان پاختا رەختكە ئوراپ، سەل سوۋۇغاندىن كېيىن بېسىپ ياكى ئىككى قول بىلەن چىڭ سىقىپ، دورا شامىسىغا يېپىشىپ قالغان دورا سويۇقلۇقىنى چىقىرىش لازىم. قالدۇق دورا سويۇقلۇقىنى تولۇق سىقىپ بولغاندىن كېيىن دورا شامىسىنى ئاندىن تاشلىۋېتىش لازىم.

ھەرخىل دورىلاردىكى تەركىبلەر ئېرىيدۇ. ئېرىگەن تەركىبلەرنى دورا شامىسى يەنە بىر سۈمۈرۈۋالىدۇ. ئىككى قارىمۇ-قارشى جەريان دورا قاينىتىش داۋامىدا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت. ئادەتتە دورىغا سۇ قۇيۇپ قايناتقاندىن كېيىن، مەيلى ئۆسۈملۈك دورا، مىنېرال دورا ياكى ھايۋاناتتىن تەييارلانغان دورا بولسۇن دورا سويۇقلۇقىنى بەلگىلىك دەرىجىدە سۈمۈرۈۋېلىپ، ئۆسۈملۈك تەركىبىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. سامان غوللۇق، يوپۇرماق ۋە گۈل تۈرىدىكى ھەمدە يۇمشاق دورىلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. داۋالاش رېتسېپىدىكى دورا تۈرىنىڭ كۆپىيىشى، دورا مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ دورا شامىسىدىكى قالدۇق دورا تەركىبىمۇ ئاشىدۇ. ئەگەر دورا شامىسىنى چېقىپ سويۇقلۇقىنى چىقىرىۋالمىغاندا نۇرغۇن دورا تەركىبى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر دورا شامىسىدىكى قالدۇق دورا سويۇقلۇقى ئۆلچەم بويىچە سىقىپ چىقىرىۋېلىنسا، جۇغيى دورىسىنىڭ ئېرىش نىسبىتىمۇ ئاشىدۇ. دورا تېجەپ قېلىنىدۇ، دورىنىڭ ئۈنۈمى يوقىرى كۆتۈرىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا سىناق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، دورا شامىسىدىن سىقىپ چىقىرىۋېلىنغان دورا سويۇقلۇقىدىن نۇرغۇن دورىلىق تەركىبكە ئېرىشكىلى بولىدىكەن، بۇ

ئەسلى دورا مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىكەن، بولۇپمۇ يوقىرى ئىسسىقلىق دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ياكى يوقىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇزاق ۋاقىت قايناتقىلى بولمايدىغان ياكى ئىككىنچى قېتىم قايناتقان دورىنىڭ شامىسىدا دورىلىق تەركىب تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، شامىسىنى سىقىپ دورا سويۇقلۇقىنى چىقىرىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور.

**82.نىمە ئۈچۈن بەزى دورىلارنى قايناتقاندا، قاچا ئېغىزى يېپىپ قاينىتىلىدۇ، بەزى دورىلارنى قايناتقاندا ئېغىزى ئوچۇق قاينىتىلىدۇ؟**

جۇڭيى دورىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىنى تولۇق قاينىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئادەتتە دورا قايناتقاندا ئاغزىنى يېپىپ قايناتقان ياخشى. بولۇپمۇ تەركىبىدە ئاسان پارلىنىدىغان خۇشپۇراق تۈرىدىكى تەركىبلەر بار بولغان ياليۇز، يىننە، تۈكلۈك قاقلە ئۇرۇقى قاتارلىق دورىلارنى قايناتقاندا ئاغزىنى يېپىپ قاينىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا دورا تەركىبىدىكى پارلىنىدىغان تەركىب هور(پار) تۈۋاق ئىچىدە قېتىشىپ تامچىغا ئايلىنىپ، دورا قازىنىغا قايتىپ، دورىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئازىيىدۇ.

يىلتىز، ئۇرۇق ياكى هايۋانات تۈرىدىكى دورا ماتېرىياللىرىنى مەسىلەن: ئادەمگىياھ، كەتىرا، شاققۇل، مۇۋابىەلسىيىت، شىزندىرا، كېلەر، كىل، ئويىستىر قولۇلىسى قاتارلىق دورىلارنى ئاغزىنى يېپىپ قاينىتىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا قاينىتىلغان دورىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈملۈك تەركىبنى ساقلاپ، دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

بىر قىسىم دورىلار بۇنىڭ سىرتىدا، مەسىلەن: ئاغىچە يۇغۇچ، كۆمۈش ئوت، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىق جۇڭيى دورىلىرىنى قايناتقاندا قاچا ئېغىزنى ياپماي قاينىتىش كېرەك. سەۋەبى شۇكى، ئادەتتە بۇ دورىلار قايناتقان دورا سويۇقلۇقىنىڭ ئۈستىگە لەيلەيدۇ، ئەگەر قاچا ئېغىزى يېپىپ قاينىتىلسا، دورا سويۇقلۇقى تېشىپ كېتىدۇ، بۇنداق دورىلارنى قايناتقاندا قاچا ئېغىزنى ياپماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەرەللىك ئېلىشتۇرۇپ،

دورا تەركىبىنىڭ تولۇق قايناپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**83.نېمە ئۈچۈن ئۈستى ئوچۇق تۇرۇپ قالغان قاچىلاردىكى قايناتما دورىلارنى ئەتىسى ئىچىشكە بولمايدۇ؟**

بەزى بىمارلار قايىنتىپ بولغان قايناتما دورىلارنىڭ ئۈستىنى ياپماي ئەتىسى ئەتىگەنگە قالدۇرۇپ قويىدۇ، بۇ تولىمۇ ياخشى بولمىغان ئۇسۇل. چۈنكى جۇڭيى دورىسى تەركىبىدىكى كراخمال، ۋىتامىن، ئاقسىل، پارلىنغۇچى ماي ۋە ھەرخىل پېرمېنت، مىكرو ئېلمېنت قاتارلىق تەركىبلەر دورا قايناتقاندا زور كۆپ قىسمى دورا سويۇقلۇقىدا قېلىپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قالسا ،دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپلا كەتمەستىن، بەلكى ھاۋا، نەملىك، ۋاقىت، ۋە باكتېرىيىلىك بۇلغىنىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە دورا سويۇقلۇقىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن كېسەلگە قىلچە شىپا بولمايدۇ، ھەتتا سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ. لېكىن ۋاكۇملۇق قاچىلانغان ھەمدە توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇلغان بولسا، ئۇ باشقا گەپ.

نۆۋەتتە، نۇرغۇن دورا دۇكىنى ۋە دوختۇرخانىلارنىڭ دورىخانىلىرىدا دورا قايىنتىپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، بىمارلارغا ھەقىقەتەن قولايلىق بولدى، بىمارلار ھەركۈنى دورا قايىنتىش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلدى. بولۇپمۇ دورا قايىنتىشقا ۋاقتى يوق بىمارلانىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئۇنى كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

**84. كۆيۈپ كەتكەن قايناتما دورىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟**

جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، قايناتما دورا كۆيۈپ كەتسە، ئادەتتە يەنە سۇ قۇيۇپ قايىنتىپ ئىچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرۇتۇلغان دورا بىلەن خام دورىنىڭ تەمى، خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايدۇ، كلىنىكىدا ئىشلىتىلىشىمۇ ئوخشىمايدۇ، بەزىدە خام، بەزىدە قورۇغان دورا ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر دورا قايىنتىش جەريانىدا كۆيۈپ كەتسە دورىلارنىڭ ھەممىسىنى قورۇغان بىلەن باراۋەر، بۇنىڭ بىلەن دورىنىڭ ئاساسلىق

داۋالاش رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ، بۇنىڭ بىلەن دورىنىڭ ئاساسلىق داۋالاش رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن بەلكى ئادەم بەدىنىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئومومەن قايىنىتىش جەريانىدا دورا كۆيۈپ كەتسە ، دەرھال تۆكۈۋېتىپ ، دورا قازىنىنى پاكىز يۇيۇپ ، قايتىدىن يېڭى دورىنى سېلىپ ، سۇ قۇيۇپ قايىنىتىش كېرەك.

**85.دورا قايناتقاندا نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم دورىلار ئالدىن قايىنىتىلىپ ، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىر قىسىم دورىلار قوشۇپ قايىنىتىلىدۇ؟**

دورىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى ئاسان چىقمايدىغان مىنېرال ، قولۇلە قېپى تۈرىدىكى دورىلار ، مەسىلەن: ماگنىت ، ئويستىر قولۇلىسى قاتارلىق دورىلارنى ئالدىن 30مىنۇت قايىنىتىش كېرەك؛ زەھىرى ئۇزاقتا تۈگەيدىغان دورىلار، مەسىلەن: چارپا ،سىچۈەن بۆۋانىسىنىڭ زەھىرى بار، مەيلى خام دورا بولسۇن ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دورا بولسۇن ئالدىن قايىنىتىش كېرەك. چۈنكى ئالاھىدە داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، رەۋەننى ئۇزاق قايناتقاندا ، ئۇنىڭ سەزگۈرلۈك رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ سەزگۈرلۈك رولىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولغاندا چوقۇم ئالدىن قايىنىتىش كېرەك.

كېيىن قايىنىتىدىغان دورىلارنىڭ قايىنىتىش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بۇ قايىنىتىش ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەركىبى ئاسان پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ياكى ئۇزاق قايىنىتىشقا بولمايدىغان دورىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ياپۇز، لاچىندانە قاتارلىقلارنى چوقۇم كېيىن قايىنىتىش كېرەك. قايناتما دورا قايناپ بولاي دېگەندە ئاندىن دورا قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ بىر قانچە مىنۇت قايناتسىلا بولىدۇ. ئالاھىدە داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، رەۋەن، سانا قاتارلىقلارنى ئۇزاق قايناتقاندا سەزگۈرلۈك رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇنداق دورىلارنى كېيىن قايىنىتىش ياكى قايناقسۇغا پولاپ ئىچىش كېرەك.

**86. دورا قايناتقاندا نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم دورىلار بولاپ قايىنىتىلىدۇ؟**

بولاپ قايىنىتىش دېگىنىمىز- قايناتماقچى بولغان دورىنى پاختا رەختتىن تەييارلانغان

خالتىغا سېلىپ قايىنتىشنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، گۈل چېچىكى، ئۇششاق ـ كىچىك ئۇرۇق ۋە ئۇششاق پاراشوك تۈرىدىكى دورىلارنى بولاپ قايىنتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق دورىلار ئاسانلا سۇ ئۈستىگە لەيلەيدۇ، قايىنتىشقا ئەپسىز، مەسىلەن: يېكەن سېرىقى، غەمنە كۆك ئۇرۇقى، تالىلىك پاراشوكى قاتارلىقلار؛ تەركىبىدە كراخمال، يېپىشىش سۇيۇقلۇقى بىر قەدەر كۆپ بولغان دورىلارنى چوقۇم بولاپ قايىنتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق دورىلار قازانغا ئاسانلار چاپلىشىۋالىدۇ، كوكىسلىشىدۇ. مەسىلەن: پاقىيۇرماق ئۇرۇقى قاتارلىقلار. تۈكلۈك دورىلارنى چۇقۇم بولاپ قايىنتىش. چۈنكى سۈزمەك تەس، دورا سۇيۇقلۇقىغا قوشۇۋېلىپ، گالنى غىدىقلايدۇ، مەسىلەن قارا ئەنجىر قاتارلىقلار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، دورا قايىنتىشقا ئىشلەتكەن خالتا سەل چوڭ بولۇشى كېرەك، كىچىك بولۇپ قالسا، قايناتقان بولاق دورىنىڭ قېتىغا سۇ ئوبدان ئۆتمەيدۇ. ئەگەر بولاپ قايىنتىدىغان دورا مىقدارى كۆپرەك بولسا ئىككى ياكى ئۈچ بولاق قىلىپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ ھەمدە دورا قايناتقاندا كۆپرەك ئېلىشتۇرۇش لازىم، بۇنداق قىلغاندا سۇ بولاق دورىنىڭ قېتىغا ئوبدان ئۆتۈپ، دورا تەركىبىنى تېخىمۇ كۆپ قايىنتىپ چىقارغىلى بولىدۇ.

**87.ئېرىتىش، سۈمۈرۈپ ئىچىش، ئايرىم قايىنتىش، قوشۇپ قايىنتىش دېگەن نىمە؟**

ئېرىتىش دېگىنىمىز ـ شىلىمشىق، ئاسان ئېرىمەيدىغان، يېلىم تۈرىدىكى دورىلار قايىنتىپ سۈزۈپ بولغان دورا سۇيۇقلۇقى ياكى پاكىز سۇغا سېلىپ بوش قايىنتىش ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېلىشتۇرۇپ دورىنىڭ ئېرىشىنى تېزلىتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يېلىم تۈرىدىكى دورىلار باشقا دورىلارنىڭ شامىسى ۋە قازاننىڭ تېگىگە ئاسانلا يېپىشىۋالىدۇ، بۇنىڭ ھەم دورا ماتېرىياللىرى ئىسراپ بولىدۇ ھەم كۆيۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ئېرىتىپ ئىچىش كېرەك. مەسىلەن: ئېشەك يېلىمى، بۇغا مۈڭگۈزى يېلىمى قاتارلىقلار.

سۈمۈرۈپ ئىچىش ـ سۇغا سالسىلا ئېرىيدىغان ياكى شەربەت، سۇيۇقلۇق تۈرىدىكى بەزى

دورىلارنى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە قاينىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، قاينىتىپ بولغان باشقا دورا سويۇقلۇقى ياكى قايناقسۇ بىلەن ئىچسە بولىدۇ. مەسىلەن: گىلائۇبىر تۇزى، بامبۇك مېيى سۈيى، ھەسەل قاتارلىقلار.

ئايرىم قاينىتىش. قىسمەن باھاسى قىممەت دورىلارنى چوقۇم ئايرىم قاينىتىپ ئىچىش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا قايناتقان دورىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىب باشقا دورىلارنىڭ شاخ، ياپراقچىلىرىغا سىڭىشىپ كېتىپ، قىممەت دورا ماتېرىياللىرى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئادەمگىياھ، ئامرىكا ئادەمگىياھى قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئانچە قىممەت بولمىغان دورىلارنى كلىنىكىلىق داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئايرىم قايناتسىمۇ بولىدۇ.

قوشۇپ قاينىتىش. قىسمەن تەركىبىدە قۇم، لاي بار بولغان دورىلارنى ئالدى بىلەن 10 ـ 15مىنۇت قاينىتىپ، ئاندىن ئۇتنى توختىتىپ سۈزۈپ، سۈزۈلگەن دورا سويۇقلۇقىنى ئالدىن چىلاپ قويغان باشقا دورىغا قوشۇپ بىرگە قاينىتىش لازىم. بۇنداق بولغاندا لاي، قۇم، دۇغلارنىڭ دورا سويۇقلۇقىغا ئارىلىشىپ كېتىپ، ئىچىش تەس بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**88.جۇڭيى دورىلارنى ئىچىش ۋاقتىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟**

دورىنى مۇۋاپىق پەيتتە ئىچىشمۇ دورىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، كونكرېت دورا ئىچىش ۋاقتىنى ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ ئەھۋالى، كېسەللىك ئەھۋالى ۋە دورىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بېكىتىش كېرەك.

1)ئاچ قورساق ئىچىش: سەھەردە ئاشقازان ۋە ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدە يېمەكلىك بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا دورا ئىچكەندە دورىنىڭ يېمەكلىك بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ھەمدە دورا ئۈچەيدە تېز ئېرىپ شىپا بولىدۇ.

2)تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىش: تاماقتىن بۇرۇن ئاشقازان ـ ئۈچەي، ئۆت خالتىسى قۇرۇق

بولۇپ، بۇ دورىنىڭ تېزدىن ئۈچەيگە بېرىپ ھەزىم قىلىنىشىغا پايدىلىق، شۇڭا كۆپىنچە دورىلارنى، بولۇپمۇ قۇۋۋەت دورىلىرىنى تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىش كېرەك.

3)تاماقتىن كېيىن ئىچىش: تاماقتىن كېيىن ئاشقازاندا يېمەكلىك بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، دورىنىڭ ئاشقازاننى غىدىقلىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاشقازان دورىسى ۋە ئاشقازان- ئۈچەينى غىدىقلايدىغان دورىلارنى تاماقتىن كېيىن ئىچكەن ياخشى.

4)ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچىش: بەدەننىڭ فىزئولوگىيىلىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ۋە دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەزى دورىلارنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچكەن ياخشى. مەسىلەن: نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدىغان دورىلارنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن 30مىنۇتتىن- بىر سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئىچكەندە ئۇخلاشقا پايدىسى بولىدۇ؛ تەرلەش، ئىچ‌قېتىشقا قارشى دورىلارنى ياتىدىغاندا ئىچىش كېرەك، بۇ ئىچ‌قېتىشنى داۋالاشقا پايدىلىق.

5)قەرەللىك ئىچىش: بەزى كېسەللەر قەرەللىك قوزغىلىدۇ، كېسەل قوزغىلىشتىن مەلۇم ۋاقىت بۇرۇن ئىچكەندە ئاندىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: بەزگەك كېسىلىگە ئىشلىتىدىغان دورىلارنى كېسەل قوزغىلىشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى ئىچىش كېرەك.

6)قەرەلسىز ئىچىش: كېسەللىك ئەھۋالى جىددىي، خەتەرلىك بولسا، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارنى داۋالاپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەرەلسىز دورا ئىچىش كېرەك.

**89.جۇڭيى دورىلىرىنى ئىچىش قېتىم سانى ۋە دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى قانداق ئىگەللەش كېرەك؟**

دورا ئىچىش قېتىم سانىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش- بولماسلىقى دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەتتىكى كېسەللەر كۈنىگە ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم ئىچسە بولىدۇ. كېسەل ئەھۋالى ئېغىر بولسا ھەر تۆت سائەت ئەتراپىدا بىر قېتىم كېچە- كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئىچسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا دورىنىڭ كۈچى داۋاملىشىپ، ئاغرىق

پەسىيدۇ، كېسەللىك ئەھۋالى يەڭگىللىگەنلەر كۆن ئارىلاپ ئىچسىمۇ ياكى قايناتما دورىلارنى چاي ئورنىدا ئىچسىمۇ بولىدۇ.

سۈرگۈ دورىلىرى ۋە تەرلىتىش دورىلىرىنى ئىچكەندە (بۇنداق دورىلار بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ) تەر بەك كۆپ چىقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دورىنى تۈگىتىپلا ئىچىۋەتمەسلىك كېرەك.

ياندۇرىدىغان، قۇسۇدىغان كېسەللەرگە دورا مىقدارى كۆپ بولۇپ كېتىپ ياندۇرۇش، قۇسۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاز-ئازدىن بۆلۈپ ئىچىش كېرەك.

ئىچىدىغان دورا سوۋۇقلۇقىنىڭ ئىسسىق-سوغوق بولۇشى دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەتتە قايناتما دورىلارنى ئىللىمان ھالەتتە ئىچىش كېرەك. سوغۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا دورىنى قىزىق ئىچىش كېرەك، بولۇپمۇ تەمى ئاچچىق ۋە مۆتىدىل دورىلار بىلەن تەرلىتىپ سوغوق كېسەللەرنى داۋالىغاندا دورىنى قىزىق ئىچىپلا قالماستىن، بەلكى دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئىسسىق نەرسىلەرنى يېپىپ تەرلىتىش كېرەك. ئىسسىق كېسەللەرگە سوغۇق دورا ئىشلەتكەندە، ئاشقازان، ئۈچەيدە ئىسسىق بار بولغان بىمارلار سوغۇق ئىچمەن دىسە، سوغوق ئىچسە بولىدۇ؛ مەسىلەن: باشقا ئەزالاردا ئىسسىق بولۇپ، بىمار سوغوق ئىچىشنى خالىسلا، سوغوق ئىچسە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا جۇڭيىچە داۋالاش ئۇسۇلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىسسىقا مايىل دورىلارنى قىزىق ئىچىش ئۇسۇلى بار، بىراق بۇ ئۇسۇلنى دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوللىنىش كېرەك. ئۆزى خالىغانچە تاللاپ ئىشلەتسە بولمايدۇ.

كوملاچ قاتارلىق قاتتىق دورىلارنى ئالاھىدە بېكىتىلگەنلىرىدىن سىرت باشقىلىرى ئادەتتە ئىللىمان قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

**90.نىمە ئۈچۈن جۇڭيىچە قايناتما دورىلارنى ئىچكەندە خالىغانچە قەنت، ناۋات، شېكەر سېلىشقا بولمايدۇ؟**

قايناتما دورىلانى ئىچكەندە، مەيلى قانداق قايناتما دورا ئىچسۇن هەممىسگە ئوخشاشلا ناۋات، ئاق شېكەر، قارا شېكەر قاتارلىق تاتلىق تۈرۈملەرنى سېلىپ، دورا تەمىنىڭ ئاچچىقنى ياندۇرىدۇ ياكى ئاچچىقنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ كېسەل داۋالاشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.

بىرىنچىدىن، شېكەر ۋە ناۋات قاتارلىقلار دائىم جۇڭيى دورىلىرىدائىشلىتىلىدۇ، ئۇ دورىنىڭ تەمىنى تاتلىق قىلىش قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە، ئەگەر داۋالايدىغان كېسەل پەيدا قىلغۇچى ئامىل كۈچىيىپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا كېسەلگە پايدا قىلمايلا قالماستىن بەلكى كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جۇڭيى دورىلىرىنىڭ خىمىيلىك تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاقسىل، تانىنىك قاتارلىق تەركىبلەر شېكەر بىلەن، بولۇپمۇ تۆمۈر، كالتسىي قاتارلىق ئانئورگانىك ئېلېمېنت ۋە باشقا مۇرەككەپ ماددا بىر قەدەر كۆپ بولغان قارا شېكەر بىلەن خىمىيلىك رېئاكسىيە هاسىل قىلىپ دورا سويۇقلۇقىدىكى مەلۇم تەركىبنى قېتىتىپ، سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ دۇغ، چۆكمە پەيدا قىلىدۇ، بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، هەتتا سالامەتلىككىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، شېكەر قىزىتما قايتۇرىدىغان مەلۇم دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى تورمۇزلاپ، دورا سويۇقلۇقىدىكى مېنىرال ماددا ئېلېمېنتى ۋە ۋىتامىننىڭ سۈمۈرۈلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، شېكەر يەنە بەزى دورىلانىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. مەسىلەن: كۈچۈلا ئۇرۇقىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىنى، دورا سويۇقلۇقىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

بەشىنچىدىن، بەزى ئاشقازان دورىلىرى تەمى ئاچچىق ياكى باشقا غەيرى پۇراقلار ئارقىلىق هەزىم قىلىش بەزلىرىنىڭ چىقىرىلىشىنى غىدىقلاپ داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ، ئەگەر دورىغا شېكەر سېلىنسا دورىنىڭ بىز يوقىرىدا ئېيتقان رولى يوقايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭيى دورىلىرىنى شېكەر سېلىپ ئىچىشكە

بولمايدۇ. ئەگەر شېكەر سېلىشقا توغرا كەلسە، جەزمەن دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھۋالغا قاراپ سېلىش كېرەك.

**91.جۇگىيى دانچە دورىلىرىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟**

جۇگىيچە دانچە دورىلىرى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۇششاق پاراشوكى ياكى ئايرىۋېلىنغان ماددىسىنىڭ مۇۋاپىق قوشۇمچە ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قايناقسۇ قۇيغاندىن كېيىن ئېرىيدۇ. ئىچىشكە ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. دائىم ئىشلىتىلىدىغان دانچە دورىلاردىن زۇكام، قىزىتما ياندۇرۇش دانچىلىرى، ئوسما يىلتىزى دانچىسى قاتارلىقلار. بازاردا سېتىلىۋاتقان ئادەمگىياھ ئارپا جەۋھىرى،جۇخار كرىستاللى، ئۈرۈك مېغىزى جەۋھىرى قاتارلىقلارمۇ دانچە دورا تۈرىگە كىرىدۇ. ھەرخىل دانچە دورىلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەركىبى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىچىشتىمۇ بەلگىلىك پەرق بولىدۇ.

1)پارلىنىش تەركىبى بىر قەدەر كۆپ بولغان دانچە دورىلار يوقىرى تېمپېراتۇرىدا ئاسانلا دورىنىڭ پارلىنىش تەركىبىنىڭ پارچىلىنىشى ياكى تارقاپ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، ئىلمان قايناقسۇدا ئىچسە ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن: پارغا ئايلىنىدىغان ماي بىر قەدەر كۆپ بولغان خۇشپۇراقلىق ئۆسۈملۈك ئۇچقات، خوئۇتتۇيىنىيە ئوتى، ئۇزبەر، رەيھان، پىننە، يالپۇز، جۇخار قاتارلىقلاردىن ياسالغان دانچە دورىلارنىئىلمان قايناقسۇ بىلەن ئىچىش لازىم.

2)دانچە دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسان ئېرىيدىغان دورىلاردىن تەييارلىنىدۇ، دورا ياسىغاندا شېكەر، دېكسترىن قاتارلىق تەم تەڭشەيدىغان خۇرۇچلار قوشۇپ ياسىلىدۇ، شۇڭا ئىچىشتىن ئاۋۋال قايناقسۇ قۇيۇپ ئېرىتىپ، شېكەر قىيامى ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن ئىچىش كېرەك.

**92.قانداق قىلغاندا قايناتما دورا ۋە دانچە دورىلارنى ئىچىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان قۇسۇش- ياندۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

قايناتما دورىلار ۋە دانچە دورىلار ئادەتتە كۆپ خىل دورا ماتېرىياللىرىن ياسىلىدۇ، ياسالغان ھەر جۈگېي دورىسىدا چۈچۈك، كىسلاتالىق، تاتلىق، ئاچچىق، تۇزلۇق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تەم بولىدۇ، قايناتما دورىلارنى ئىچمەك تەس، بولۇپمۇ سىزىم نېرۋىسى ئۆتكۈر بىمارلاردا كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

جۈگېي دورىسىنى زادىلا ئىچىپ باقمىغان ياكى ئادەتتە بەك ئاز ئىچىدىغان كىشىلەر بولسا دورىنى قىزىق پېتى ئىچمەي، سوۋۇغاندىن كېيىن ئىچىشى ياكى خام زەنجىۋىلدىن بىر ياپراق چاينىۋېتىپ ئاندىن كېين دورا ئىچىش كېرەك. ھەمدە دورا ئىچكۈچىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويۇشى كېرەككى، دورا ئىچكەندە نەپەس ئالماي، بىر تىنىق بىلەنلا ئىچىۋېتىش كېرەك. دورا پۇرىقىنىڭ تەسىرىدە قۇسۇۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دورا ئىچىۋېتىپ ئازىلىقنا توختىتىپ قويماسلىق كېرەك. دورا ئىچىپ بولغاندىن كېين دورىنىڭ پۇرىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن دەرھال ئېغىزنى چايقىۋېتىش ياكى يالپۇز تەملىك كەمپۈت ۋە بىر-ئىككى تال مىۋە يەۋەتسە بولىدۇ.

ئەگەر جۈگېي دورىسى ئىچسە دائىم كۆڭلى ئېلىشىدىغان ياكى قۇسىدىغانلار ئاز- ئازدىن ئىچىش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ ياكى دورا ئىچىشتىن بۇرۇن بىر ياپراق خام زەنجىۋىل چاينىۋەتسە ياكى قاينىتىلغان زەنجىۋىل سۈيىدىن ئازىراق ئىچىپ ئاندىن كېين دورىنى ئىلمان ھالەتتە ئىچسىمۇ ئوخشاشلا كۆڭلى ئېلىشىش ياكى قۇسۇشنى تۈگىتىدۇ ياكى دوختۇرغا دەپ قۇسۇشنى توختىتىدىغان دورىلارنى تەڭشەتكۈزسە بولىدۇ ۋە ياكى تېزغىدىن 5گرام، پوستى ئېلىۋېتىلگەن بامبۇكتىن 10گرام، خام زەنجىۋىلدىن 5ياپراق، ئاپلىسىن پوستىدىن 6گرام ئېلىپ، دورا قاينىتىشتىن بۇرۇن قاينىتىپ ئىچىپ، 5-10مىنۇت ئۆتكەندىن كېين ئاندىن دورا ئىچسىمۇ قۇسۇشنى توختىتىشتا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**93.قانداق قىلغاندا قايناتما دورىلاردىكى ئاچچىق تەمنى ئازايتقىلى بولىدۇ؟**

قايناتما دورىلارنى كوملاچ دورا، مەلھەم دورا ۋە تالقان دورا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، داۋالاش ئۈنۈمى تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن قايناتما دورىلار ئاچچىق بولغانلىقتىن ئىچمەك تەس، بەزى دورىلار ھەتتا كۆڭلى ئېلىشىش، قۇسۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نۇرغۇن بىمارلار كۆرۈپلا ئارقىغا داجىيىدۇ. قانداق قىلغاندا دورىنىڭ ئاچچىق تەمنى تۆۋەنلىتىپ ياكى تۈگىتىپ بىمارلار ئاسان ئىچەلەيدىغان قىلىش-تىببى خادىملار تەتقىق قىلىدىغان، ئىزدىنىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى.

يېقىندا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ تىل سېزىمى ۋە تېمپېراتۇرا مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، قايناتما دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق دورىنىڭ ئاچچىق تەمنى ئازايتىشقا بولىدىغانلىقى بايقالدى. چۈنكى ئادەمنىڭ ئېغىز تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 37℃ ئەتراپىدا بولىدۇ،تىل تۈۋىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تىل يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىن 5℃ ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدۇ. سىزىم ئەزالىرى ۋە سىزىم نېرۋا تالالىرى تىل ئۈستىگە كۆپرەك جايلاشقان، قايناتما دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن تىل ئەتراپىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولۇپ، يەنى 37℃ ئەتراپىدا، سىزىم نېرۋىسى ئەڭ ئۆتكۈر، تېتىيدىغان دورا ئەڭ ئاچچىق بولىدۇ؛ قايناتما دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37℃ دىن يۇقىرى ياكى 36.5℃ تىن تۆۋەن بولغاندا ئاندىن ئاچچىق تەم ئاجىزلايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن قايناتما دورىلارنى ئىچكەندە دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37℃دىن تۆۋەن بولغاندا ئىچسە ئاچچىق تەمنىڭ كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ قايناتما دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى قانچە تۆۋەن بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەك تۆۋەن بولسا تال، ئاشقازاننى زىيانلاندۇرىدۇ، بۇرۇندىنلا تال، ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن شۇكى، ئىچىدىغان قايناتما دورىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 31.5℃-36.5℃ بولسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھەم تال، ئاشقازاننى زىيانلاندۇرمايدۇ ھەم ئاچچىق تەم ئاجىزلايدۇ.

## 94. تەييار جۇڭيى دورىسنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىچكىلى بولىدۇ؟

1)قەتئىي تۇردە مىقدارى بويىچە ئىچىش. تەييار جۇڭيى دورىسى كېسەلگە شىپا بولىدۇ، لېكىن مىقدارى مۇئەييەن جانلىقلىققا ئىگە بولغاچقا، بەزىدە ئۇنى توغرا ئېگىللىگىلى بولمايدۇ. جۇڭيى دوختۇرى رېتسېپ يازغاندا تەييار جۇڭيى دورىسىنىڭ ھەر قېتىملىق مىقدارىنى كۆپىنچە ھاللاردا مەخسۇس ئىزاھلىمايدۇ، شۇڭا، بىمار ئۇنى كونكرېت ئىشلىتىش داۋامىدا ئالدى بىلەن دورا ماركىسى ياكى چۈشەندۈرۈشىنى ئوبدان كۆرۈشى كېرەك. بەزىدە دانىچىسمان تەييار جۇڭيى دورىسىنىڭ چۈشەندۈرمىسىدە ھەر قېتىمدا قانچە گىرامدىن ئىچىلىدىغانلىقىلا يېزىلىپ، قانچە تال دورىنىڭ قانچە گرام ئىكەنلىكى يېزىلمايدۇ، بۇ ئەھۋال كۆپىنچە ھاللاردا كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە بىمار ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي، دورىگەردىن ئۇنى ھېسابلاش چارىسىنى ياكى ھەر قېتىمدا قانچە تالدىن ئىچىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋېلىشى كېرەك. جۇڭيى دورىسى مۇتلەق زەھەرسىز ئەمەس، دورىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بەزى دورىنى كۆپ ئىچىپ قويسا ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

2)دورا ئىچىشتە پەرھىزگە دىققەت قىلىش كېرەك. تەييار جۇڭيى دورىسىنىڭ ئىچىش مىقدارىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش بىلەنلا قالماستىن بەلكى دورىنىڭ بەزى پەرھىزلىرىگىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق، دورىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ چۈشەندۈرمىسىنى چۇقۇم تەپسىلىي ئوقۇپ، چەكلەنگەننى قىلماسلىق كېرەك. ھامىلدار ئاياللار، باللار ياكى تېنى ئاجىز ياشانغانلار دورىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك تەييار دورىلارنى چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىشى كېرەك.

3)دورا ئىچىش ۋاقتىغا دىققەت قىلىش. قەدىمىي تىبابەت دەستۇرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭيى دورىسنى«كېسەللىك كۆكرىكتىن يوقىرىدىكىلەر ئاۋۋال غىزالىنىپ ئاندىن دورا ئىچىش، كېسەللىك قورسىقتىن تۆۋەندىكىلەر ئاۋۋال دورا ئىچىپ ئاندىن

غىزالىنىش» پىرىنسىپى بويىچە ئىچىش كېرەك. دورا ئىچىش ۋاقتى توغرىسىدا ئالاھىدە بەلگىلىمە بار جۇڭيى دورىلىرىنى ئادەتتە تاماقتىن بۇرۇن ياكى ئاچ قورساق ئىچكەن ياخشى. چۈنكى يېمەكلىكنىڭ تولىسى جۇڭيى دورىسىنىڭ سۈمۈرۈلىشىگە كاشىلا سالىدۇ، شۇڭا دورىنى تاماقتىن بۇرۇن ئىچىش دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ۋە ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. سوزۇلما كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت دورا ئىچكەنلەر قەرەللىك دورا ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئالاھىدە كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان تەييار دورىلارنى ئاچ قورساق ياكى قەرەللىك ئىچىشنى تەكىتلەش ھاجەتسىز، مەسىلەن: تاجىسمان يۈرەك كېسىلىنى داۋالايدىغان سۇخېشياگۇەن، ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالايدىغان ۋېيلېيىەن قاتارلىقلارنى خالىغان چاغدا ئىچىشكە بولىدۇ، روھنى تىنچلاندۇرۇش دورىسىنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچىش ئەڭ مۇۋاپىق.

4)دورا ئىچىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش .تەييار جۇڭيى دورىسىنى ئىچكەندىمۇ ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. تەييار جۇڭيى دورىلىرىنىڭ بىر خىلى بولغان چوڭ كومىلاچ دورا كۆپىنچە ئۇنى ئىچىدىغانلارغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، دەسلەپتە ئۇ دورىنى قانداق يۇتۇشنى بىلمەيدۇ. بۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىش قەتئىي چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا ئۇ دورا كانىيىڭىزدا تۇرۇپ قېلىشى ھەتتا يۈرەك رىتىمىڭىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇنى توغرا ئىچىشنىڭ ئۇسۇلى، دورا كومىلىچىنى پاكىز پىچاق بىلەن كېسىپ ئۇششاق دانچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بىر قانچىگە بۆلۈپ ئىلمان قايناقسۇ بىلەن ئىچىشىڭىز كېرەك. زاۋۇتتىن يېڭى چىققان، بىر قەدەر يۇمشاق چوڭ كومىلاچ دورىنى پاكىز قول بىلەن بىۋاستە پارچىلاپ كىچىك كومىلاچقا ئايلاندۇرۇپ ئىچىشكە بولىدۇ. بىر تال چوڭ كومىلاچنى ئادەتتە20 دىن كۆپرەك كىچىك كومىلاچقا پارچىلاپ، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىش بىر قەدەر مۇۋاپىق، ئۇنداق قىلمىسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا كانايغا تۇرۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشتا

بەزىلەر چوڭ كۆمىلاچ دورىنى چايناپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. گەرچە كۆمىلاچ دورىلارنى ياساش جەريانىدا ئۇنىڭغا ھەسەل قوشۇلۇپ تاتلىق تەم كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تولىسىدا جۇڭيى دورىسىغا خاس قويۇق غەيرى تەم-پۇرىقى يەنىلا ساقلانغان بولىدۇ. چايناپ يۇتقۇچىلاردا كۆمىلاچ دورىنىڭ غەيرى تەم-پۇرىقى سەۋەبلىك كۆڭلى ئېلىشىش رېئاكسىيىسى يۈز بەرگەندىلا تولا چاغدا ئاغزىدىكى دورىنى يۇتالماي قۇسۇۋېتىدۇ. دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ۋە ئۈنۈمىنى ئېزلىتىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارىسى كۆمىلاچ دورىنى ئازىراق ئىلىمان سۇ قۇيۇپ قوچۇپ سۇيۇق ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىلىمان قايناقسۇ بىلەن ئىچىشتۇر.

5) دورا ئىچكەندىن كېيىنكى رېئاكسىيىگە دىققەت قىلىش. تەييار جۇڭيى دورىلىرىنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنداق ياكى مۇنداق ناچار رېئاكسىيىسى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىشى مۇمكىن، تەييار جۇڭيى دورىسىنى ئىچكۈچىلەر بۇنىڭغا ھۇشيار بولۇشى كېرەك. دورا ئىچكەندىن كېيىن تېرە تاشمىسى ئۆرلەش، قىچىشىش، قىزىش قاتارلىق زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى يۈز بەرگەنلەر دورا ئىچىشنى دەرھال توختىتىشى ھەمدە دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىش كېرەك. تارىخىدا مەلۇم بىر خىل جۇڭيى دورىسىنى ئىشلىتىپ زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى يۈز بەرگەنلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورىنى ئىشلەتسە بولمايدىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى كېرەك.

**95.نىمە ئۈچۈن سىنناباز ۋە تەركىبىدە سىنناباز بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى كۆپ مىقداردا ۋە ئۇزاق مۇددەت ئىچىشكە بولمايدۇ؟**

سىنناباز- كىنوۋار، سىماپ سولفىد رودىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى سىماپ سولفىد ، ئوتتا تاۋلىغاندا سىماپ ئايرىلىپ چىقىدۇ. تەمى تاتلىق، خۇسۇسىيىتى سوغوق، زەھەرلىك ئىقتىدارى يوقتىلىدۇ. ئۇ قىزىتمىنى ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، يۈرەكنى ئىسسىق ئېلىپ كېتىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان كۆڭلى

ئىتىلداش، بىئارام بولۇش، يەڭگىلتەك بولۇش، جاراھەت چىقىش، بوغۇز ئاغرىش، ئېغىر يارىسى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. چوڭلار كۈنىگە1 .0-5 .0گرامغىچە ئىچىدۇ، ئىچكەندە قايناتما دورىغا قوشماي ئېزىپ ئىچىش ياكى كۇملاچ، تالقان قىلىپ ئىچىش لازىم .

لېكىن، سىننابار زەھەرلىك، ئىچكەندىن كېيىن ھۆللىكنى ئازىراق ھەيدەيدۇ، ئىككى ۋالېنتلىق سىماپ ئىئونى ھاسىل قىلىپ، ئادەم بەدىنىدە يىغىلىپ ئورگانىزىمغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر سىننابار ياكى تەركىبىدە سىنناباربار بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى كۆپ مىقداردا ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىچكەندە، ئادەم بەدىنىدە كۆپ مىقداردىكى سىماپ ئىئونى ھاسىل بولۇپ ياكى سىماپ ئىئونى يىغىلىپ، جىددى ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك سىماپتىن زەھەرلىنىش ئالامىتى كۆرۈلۈپ، جىگەر، بۆرەك، يۈرەك، مېڭىنى زەھەرلەيدۇ. شۇڭا سىننابار ۋە تەركىبىدە سىنناباربار بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى كۆپ مىقداردا ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

**96.تەركىبىدە زەرنىخ بار بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

زەرنىخنىڭ ئاساسىي تەركىبىدە ئار سېنىك دىسۇلفىد بار بولۇپ، زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئارسىن ئادەم بەدىنىگە كىرگەندىن كېيىن، ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىغا، ئاساسلىقى جىگەر، بۆرەك، تال قاتارلىق ئىچكى ئەزالار ۋە تىرناق، چاچ قاتارلىق ئورۇنلارغا تارقىلىدۇ. ئارسىننىڭ ئورگانىزىمغا بولغان زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، نېرۋا سېستىمىسى، ھەزىم قىلىش سېستىمىسى قاتارلىق ئەزالارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زەخىملەندۈرىدۇ. ئېغىر بولغانلىرىدا، يۈرەك، نەپەس زەئىپلىشىپ ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. كلىنىكدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن تەييار جۇڭيى دورىنىڭ تەركىبىدە زەرنىخ بار. مەسىلەن: دېڭىزىيالىق زەھەر قايتۇرۇش كۇملىچى، دېڭىزىيالىق يۈرەكنى تازىلاش كۇملىچى، دېڭىزىيالىق تىنچلاندۇرۇش

كۇملچى، دېڭىزيالىق باۋلۇك كۇملچى، ئەنگۈك دېڭىزيالىق ۋە كىكىردەك كېسلى كۇملچى قاتارلىقلار. شۇڭا بۇنداق دورىلارنى ئىشلەتكەندە چوقۇم تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1)دورىنى كۆپ ئىچىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورا چۈشەندۈرۈمىسىدە بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش ئۇسۇلى، مىقدارى ۋە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىش كېرەك.

2)ئارسېن جۇغلىنىشچان زەھەر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، تەركىبىدە سۇلفات، نېيترات تۇزى بولغان غەربچە دورىلار: كۆمۈرلۈك سۇلفات، ماگنىي سۇلفات قاتارلىق دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ئىككىسنى بىلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە زەرنىخنىڭ ئاساسىي تەركىبىنىڭ گۈڭگۈرتلىشىش، ئارسېنىنىڭ ئوكسىدلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دورىنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئېشىپ كېتىدۇ.

**97.بۆۋانە تۈرىدىكى دورىلارنى ئىشلەتكەندە نىملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

بۆۋانە تۈرىدىكى دورىلارنىڭ جۇڭيى ماتىريالى ئاساسلىقى سىچۈەن بۆۋانسى، بۆۋانە، ئەمەن قاتارلىقلار؛ بۇ تۈردىكى جۇڭيى ماتىرياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىدىن ئاساسلىقى كۆلى بىھىسى كۇمۇلچى، جىڭتيەن كۇمۇلچى، يۆگۈي كۇملچى، جۆيفىڭ كۇمۇلچى، خۇلۇدەن، سەنجىياڭ تابلىتى، جىنكۇي بۆرەك قۇۋۋەتلەش كۇمۇلچى، شۇجىنخولۇ كۇمۇلچى، فوزىلىجوڭ كۇمۇلچى قاتارلىقلار بار.

بۆۋانە تۈرىدىكى دورىلاردىن زەھەرلىك تەركىبى بار بولغىنى ئاساسلىقى ئاكونتىن. ئاكونتىنىنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئادەم بەدىنىگە ئاسانلا يىغىلىۋالىدۇ ھەمدە ئېتىل ئاللوگولغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ زەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ئاساسلىقى نېرۋا سېستىمىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ ھەمدە يۈرەككە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، يۈرەكنىڭ سوقۇش رېتىمى نورمالسىزلىشىش ھەتتا ئۆلۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرىدۇ.

بۇ دورىنىڭ ئادەتتىكى زەھەرلىك مىقدارى 0.2مىللىگرام، ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مىقدارى 2 ـ 4مىللىگرامغىچە، ئاكونىتىن گەرچە زەھەرلىك بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق ئوتتا قاقلاپ تەييارلاش ۋە ئۇزاق قاينىتىش ئارقىلىق پارچىلىنىپ، زەھەرسىز تۈرىدىكى ماددىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى ئىشلەتكەندە، بىرىنچىدىن، مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىش ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ھاراققا چىلاپ ياكى ھاراق بىلەن ئىچىشكە بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، خام پېتى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، قايناتما دورىغا چىلاشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن 1 ـ 2سائەت قاينىتىپ زەھرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

**98.دىئابېت كېسىلى بار بىمارلار شياۋكېۋەن(دىئابېت كۇمۇلچى)نى ئىشلەتكەندىن كېيىن نىمە ئۈچۈن قان شېكىرى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ؟**

شياۋكېۋەن(دىئابېت كۇمۇلچى)ـ دىئابېت كېسىلىنى داۋالاشتىكى بىر قەدەر ئۈنۈملۈك جۇڭيى دورىلىرىنىڭ بىرى. ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ، لېكىن نۇرغۇن بىمارلار بۇ دورىنىڭ دورا تەركىبىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەچكە، جۇڭيى دورىسى بولغاندىكىن كۆپ ئىچسىمۇ زىيىنى يوق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە شياۋكېۋەن جۇڭگوچە غەربچە مۇرەككەپ رېتسىپلىق دورا بولۇپ، ئۇنىڭ دورا تەركىبىدە غەربچە دورا ـ گېلىبېيبېنىياۋ ئاچ قورساق ۋاقىتتىكى ياكى تاماقتىن كېيىنكى قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، نورمال ئىشلىتىش مىقدارى ئادەتتە بىر قېتىمدا 2.5 مىللىلىتىر، كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئىچىلىدۇ. زىيادە كۆپ ئىچىپ كەتسە قان شېكىرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شياۋكېۋەن دورا چۈشەندۈرۈلمىسىدىكى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە گېلىبېيبېنىياۋ دورىسىنى ئىشلىتىش مىقدارى بىر قېتىمدا 1.25ـ2.5 مىللىلىتىرغىچە بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئىشلىتىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە قان شېكىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرىدۇ. شياۋكېۋەن دورىسىنى ئىچىپ قان شېكىرى

تۈۋەنلەپ شۇك بۇلۇپ قالغانلىق، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلىك ھەققىدە خەۋەرلەرمۇ بېرىلگەن، شۇڭا شىياۋكېۋەن دورىسىنى مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**99. تەسىرى ئوخشاپ كېتىدىغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

كلىنىكىدا تەسىرى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قانچە خىل تەييار جۇڭيى دورىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلىدۇ، تەسىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىغا ئىشلەتكەن دورا ماتېرىياللىرى تەركىبىدە كۆپىنچە ھاللاردا بىر خىل تەم ياكى قانچە خىل ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەم بولىدۇ. بىرلەشتۈرۈپ ئىچكەندە مەلۇم بىر خىل تەم ياكى بىر قانچە خىل تەملىك دورىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: سىنناباار نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش كۇمۇلچى بىلەن يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا （天忘补心丹） نى(ھەر ئىككىسىنىڭ تەركىبىدە ئوخشاشلا سىنناباار بار)، گاستىرودىن كۇمۇلچى بىلەن فولودەننى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە زەھەرلىك تەركىپ ئېشىپ كېتىپ، بىمارنى زەھەرلەيدۇ ياكى ناچار رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، دورىلىق خۇسۇسىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانچە خىل تەييار جۇڭيى دورىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىچكەندە، دورىنىڭ «مىقدارى ئېشىپ كېتىش» ئامىلىنى نەزەردە تۇتۇش، بولۇپمۇ تەركىبىدە زەھەرلىك تەركىب بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، ناچار رېئاكسىيە بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زەھەرلىك تەركىبنىڭ ”جۇغلىنىشى“غا ئېخمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

**100.غەربچە دورا تەركىبى بولغان تەييار جۇڭيى دورىلىرىنى ئىچكەندە نىمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

نۆۋەتتە بازاردا سېتىلىۋاتقان تەييار جۇڭيى دورىلىرى 100خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ دورىلارنىڭ بەزىلىرىدە غەربچە دورىلارنىڭ تەركىبى بار، بۇ خىل دورىلار كلىنىكىدا ھەر قايسى بۆلۈمدە

دورا ئىشلىتىشكە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى زۇكامنى داۋالايدىغان ۋە زەھەر قايتۇرىدىغان تەييار جۇڭيى دورىلىرى بولۇپ، تەركىبىدە زىيادە سېزىمچانلىق ۋە كېسەللىك ۋىرۇسىغا قارشى دورىلار ۋە قىزىتما ياندۇرۇپ ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىدىن ئىبارەت. دىئابىت كېسىلىنى داۋالايدىغان گېلىبېبىنىياۋ ، يۆتەلنى داۋالايدىغان دورا تەييار جۇڭيى دورىسىنىڭ تەركىبىدە ئېفىدېرىن، ئاممۇنى خلورىد ۋە تۇز كىسلاتاسى كېلىنتول قاتارلىقلار؛ گەرچە تەييار جۇڭيى دورىسى تەركىبىدىكى غەربچە دورىنىڭ مىقدارى ئادەتتە مەخسۇس غەربچە دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارىدىن تۆۋەن ياكى شۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ، توغرا ئىشلىتىلسە ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن بىمار ئۆزى خالىغانچە دورىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇۋەتسە ياكى دوختۇر تەكرار دورا بەرسە، ئۇنداقتا ناچار رېئاكسىيە بېرىشى، ھەتتا دورا مەنبەلىك كېسەللىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن، ئېغىر بولغانلىرىدا ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ. شۇڭا بىمار غەربچە دورا تەركىبى تەييار جۇڭيى دورىسىنى ئىشلەتكەندە، بىرىنچىدىن، دورا چۈشەندۈرمىسىدە بەلگىلەنگەن ئۇسۇل ۋە مىقدار بويىچە دورا ئىچىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مەخسۇس جۇڭيىچە ۋە غەربچە دورا ئىشلەتسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدىغان كېسەللەر ئادەتتە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك. بىرلەشتۈرۈپ دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، تەكرار دورا ئىشلىتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغان دورىنىڭ دورا تەركىبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك؛ ئەگەر بىمار دورىنىڭ تۈزۈلۈش ياكى دورا تەركىبىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم دوختۇردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك.

**ماتېرىيال ئۇرغۇچى ۋە ئېلكتاب ئىشلىگۈچى: مەمەتجان qq: 86282283**